ئۇيغۇر ھازىرقى زامان ئاتاقلىق شائىرلىرىنىڭ شېئىرلىرىدىن نەمۇنىلەر

مۇھەممەتجان راشىدىن

# ئانا تاغلار



شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

## ئۇيغۇر ھازىرقى زامان ئاتاقلىق شائىرلىرىنىڭ شېئىرلىرىدىن نەمۇنىلەر

ئابدۇخالىق ئۇيغۇر **ئاچىل**

لۇتپۇللا مۇتەللىپ **يىللارغا جاۋاب**

نىمشېھىت ئەرمىيا ئېلى سايرامىي **ئالدىدا**

ئابدۇرېھىم ئۆتكۈر **ئۆمۈر مەنزىللىرى**

تېيىپجان ئېلىيېۋ **تۈگىمەس ناخشا**

مۇھەممەد رەھىم **جان تەسەددۇق**

مۇھەممەتجان راشىدىن **ئانا تاغلار**

بوغدا ئابدۇللا **قەدىمىي يارغولدا كەچ كۈز**

روزى سايىت **ئانا تىلىم — زەر تىلىم**

ئوسمانجان ساۋۇت **زېمىن قەسىدىسى**

ISBN 978-7-228-11688-1
9 787228 116881 >
定价：15.00 元

ئۇيغۇر ھازىرقى زامان ئاتاقلىق شائىرلىرىنىڭ شېئىرلىرىدىن نەمۇنىلەر

مۇھەممەتجان راشىدىن

# ئانا تاغلار

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

**图书在版编目(CIP)数据**

母亲高山：维吾尔文/买买提江·拉西丁著. —乌鲁木齐：新疆人民出版社，2008.6（2009.2 重印）
ISBN 978－7－228－11688－1

Ⅰ.母… Ⅱ.买… Ⅲ.诗歌—作品集—中国—当代—维吾尔语（中国少数民族语言） Ⅳ. I 227

中国版本图书馆 CIP 数据核字（2008）第 081051 号

| | |
|---|---|
| 作　　者 | 买买提江·拉西丁 |
| 编　　者 | 艾尔肯·伊不拉音 |
| 责任编辑 | 艾则孜·吐尔迪 |
| 责任校对 | 艾加尔古丽，古丽夏尔 |
| 特约校对 | 阿依古丽·亚森 |
| 封面设计 | 艾克拜尔·沙力 |
| 出版发行 | 新疆人民出版社 |
| 地　　址 | 乌鲁木齐市解放南路 348 号 |
| 电　　话 | 0991－2827472 |
| 邮政编码 | 830001 |
| 印　　刷 | 新疆新华印刷二厂 |
| 经　　销 | 新疆维吾尔自治区新华书店 |
| 开　　本 | 880×1230 毫米　1/32 |
| 印　　张 | 5 |
| 插　　页 | 4 |
| 版　　次 | 2008 年 7 月第 1 版 |
| 印　　次 | 2009 年 2 月第 2 次印刷 |
| 印　　数 | 5001—8000 册 |
| 定　　价 | 15.00 元 |

# نەشرىياتتىن

شائىر مۇھەممەتجان راشىدىن 1940 - يىلى 6 - ئاينىڭ 15 - كۈنى غۇلجا ناھىيىسىنىڭ ئونيار يۇزى يېزىسىدا دېھقان ئائىلىسىدە تۇغۇلغان . باشلانغۇچ ۋە ئوتتۇرا مەكتەپلەرنى غۇلجىدا ئوقۇپ تاماملاپ، 1955 - يىلىدىن 1958 - يىلى 3 - ئايغىچە سابىق شىنجاڭ يېزا ئىگىلىك تېخنى- كومىدا ئوقۇغان . ئوقۇش پۈتتۈرگەندىن كېيىن، 1959 - يىلى 5 - ئاي- غىچە پىچان ناھىيىسىدە قايتا تەربىيە ئالغان . 1960 - يىلىدىن 1968 - يىلىغىچە چاپچال ناھىيىسى ۋە غۇلجا ناھىيىلىرىدە مەمۇرىي خادىم، تېخ- نىك، كاتىپ، ئوقۇتقۇچى بولۇپ ئىشلىگەن . 1968 - يىلى «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى»نىڭ زىيانكەشلىكىگە ئۇچراپ ناھەق جازالانغان، 1983 - يىلى ئاقلىنىپ، غۇلجا ناھىيىلىك 1 - ئوتتۇرا مەكتەپكە خىزمەتكە ئو- رۇنلاشقان . 1989 - يىلى غۇلجا ناھىيىسىنىڭ كەسپىي يازغۇچىلىقىغا تەك- لىپ قىلىنغانغا قەدەر شۇ مەكتەپتە تىل - ئەدەبىيات ئوقۇتقۇچىسى ۋە ئىلمىي مۇدىر بولۇپ ئىشلىگەن .


مۇھەممەتجان راشىدىننىڭ ئەدەبىي ئىجادىيەت پائالىيىتى 1958 - يىلى «ئىلى گېزىتى»دە ئېلان قىلىنغان «ئىلى دەرياسى» ناملىق شېئىرى بىلەن باشلانغان . ئۇ شۇنىڭدىن ئېتىبارەن شېئىر ئىجادىيىتىگە رەسمىي كىرىشكەن . بولۇپمۇ 1980 - يىللاردىن كېيىن ئىجادىيەتتە كۆرۈنەرلىك ئۇتۇقلارغا ئېرىشكەن . ئۇ ھازىرغىچە «بۇ دۇنيا»، «بەزىلەر»، «سەن يوق»، «كۆت»، «مەشرەپ ھەققىدە مۇخەممەس»، «يىللار ئىزى»، «مەن سەۋدايى بولۇپ قاپتىمەن» قاتارلىق 1000 پارچىدىن ئارتۇق شې- ئىر ئېلان قىلغان . مۇھەممەتجان راشىدىننىڭ بۇ شېئىرلىرى «كاككۇك گۈلى»، «يىللار ئىزى»، «كۈنلەر ئالبومى»، «ئانا يەر قەسىدىسى»،

«ئۆمۈر ئىلھاملىرى»، «ھايات دېگەن مانا شۇ» دېگەن ناملاردا توپلام قىلىنىپ نەشر قىلىنغان.

مۇھەممەتجان راشىدىن شېئىر ئىجادىيىتى بىلەن بىرگە يەنە پروزا ئىجادىيىتى بىلەنمۇ شۇغۇللىنىپ، 20 پارچىدىن ئارتۇق ھېكايە، پوۋېست ۋە ئەسلىمىسىنى ئېلان قىلغان، بۇلار «تېنىگەن كۆڭۈل» دېگەن نامدا 2001 ـ يىلى شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىنغان.

مۇھەممەتجان راشىدىننىڭ شېئىر ـ غەزەللىرى ئاممىباب، خەلققە يېقىشلىق بولغاچقا، كۆپلىگەن ئەسەرلىرى ناخشا قىلىپ ئوقۇلۇپ خەلق ئارىسىغا تارقالغان، كۆپلىگەن شېئىرلىرى تۈرلۈك مۇكاپاتلارغا ئېرىشكەن.

بۇ توپلامغا شائىر مۇھەممەتجان راشىدىننىڭ ۋەكىللىك خاراكتېرگە ئىگە شېئىرلىرى تاللاپ كىرگۈزۈلدى.



## مۇندەرىجە

شېئىر، شۆھرەت ۋە مەن ........................................ 1
ئانا تاغلار ........................................ 4
نە بىلسۇن ........................................ 7
بۇ دۇنيادىن كېتەرمىز بىر كۈن ........................................ 8
سەن كەلگەندەك بوپقالدىم باھار كەلسە، دىلبىرىم ........................................ 10
ياشىسۇن ........................................ 17
سېغىنىش ........................................ 19
كۆڭلۈم ........................................ 21
تۇغۇلمىغانلارغا ........................................ 22
كېتەر بولساڭ، خوش ئېيتماي كەتمە ........................................ 23
بولسۇن ........................................ 24
كاككۇك بولۇپ بارالسام ئەگەر ........................................ 26
يارى يوقنى بىچارە دەڭلار ........................................ 27
سېنى باشلاپ كېتىپتۇ ئېتىزلارغا ئەقىدەڭ ........................................ 29
دوستلارغا ........................................ 33
يازغان خەتلىرىڭ ........................................ 35
ياخشىلارغا ناخشىلار تولا ........................................ 36
ئالتۇن ئاسقان بوينۇڭغا تۇمار ئاسساڭ خوپ ئىدى ........................................ 37
بىر كېلىمىز دۇنياغا ........................................ 46
ماڭا ئۆلۈم تىلەپسەن ئاخشام ........................................ 49
بىر كۈنى ........................................ 51
ۋاي داد ........................................ 53
ناخشا ئېيتساڭ ياشلىقىڭدا ئېيت ........................................ 57
سەن مەندەك بولالامسەن ........................................ 58
ئۆلۈم يوق ئىنساننىڭ ئارزۇلىرىدا ........................................ 61

ئارغامچىسى ئۈزۈن ئالەم بۇ ..................................... 63
ۋىجدان ۋەجدىن ............................................. 65
خەقنىڭكىدە قونۇپ قالغان قىز .................................. 67
مەن سەۋدايى بولۇپ قاپتىمەن .................................. 70
شېرىن خىيال كىمدە يوق ..................................... 72
ياتلاشتۇق ................................................ 74
بالىلار .................................................. 77
ئەتە گەرچە تىرىك بولسامۇ .................................... 81
يېڭى يىل لىرىكىلىرى ........................................ 82
گەپىڭ ئۆزى قانداق ياشاشتا .................................... 90
يىراقلارغا كەتمە، ئەزىزىم .................................... 92
خۇراپات ................................................. 93
ئۈچ لىرىكا ............................................... 96
ۋەتەن تاغلىرى ............................................. 99
ياشاۋەر .................................................. 101
كەلمەكچى ................................................ 103
بۇ دۇنيا ................................................. 104
يىللار ئىزى ............................................... 106
ئۆز يارىڭ ................................................ 108
ئۈيلىمەن ئىزىمدىن ......................................... 110
هايات دېگەن مانا شۇ ....................................... 113
ئۆمۈر دېگەن ............................................. 115
مەن چۈشۈڭگە كىرمەي تۇرۇپمۇ ................................. 117
ئادەملەرگە ............................................... 119
هايانىڭمۇ ئۆز يولى بارغۇ .................................... 122
خېتىڭ كەلدى، ئۆزۈڭ كەلمىدىڭ .................................. 124
ئادەملەر ئۇلۇغ ............................................ 125
بەلكى ................................................... 126
تۈندە ئۇزاق ئولتۇرما بۇنداق ................................. 128
ئۆسەكلەر ................................................ 130
مۇهەببەتمۇ ئۇلۇغ بىر مەكتەپ ................................ 132
غەزەللەر ................................................. 133

# شېئىر، شۆھرەت ۋە مەن

قەلەمنى ئالغىنىم يوق شۆھرەت ئۈچۈن،
يۈكسەكلىك تالاشمايمەن ھېچكىمدىنمۇ.
مۇرادىم — ئەلنىڭ مەندىن مەمنۇنلۇقى،
ئەپسۇسلار ئاڭلىغۇم يوق ھېچ دىلدىنمۇ.

قولۇمدا شائىر لۇتۇن تۇتقان قەلەم،
ئىزىدىن ماڭدىم مەنمۇ نەۋائىينىڭ.
مەنزىلىم — شۆھرەت دېسەم، قالمادىمەن
مەن ئوخشاپ دەل ئۆزىگە سەۋدايىنىڭ.

شەيتاندۇر دوستى شۆھرەتپەرەسلىكنىڭ،
ئۈندىمەس كۆڭلۈم مېنى شۇ ئىللەتكە.
ئەقلىنى نام - ئاتاققا بەرگەنلەرنىڭ
قەلبىنى ئوخشىتىمەن بىر زۇلمەتكە.

سايەمگە قاراپ ماڭسام كوچىلاردا،
كۈلىدۇ بىلمىگەنلەر سەۋەبىنى.
غادىيىپ قالدىممۇ، دەپ ئەنسىرەيمەن،
شۇ تەشۋىش ئەگىپ يۈرەر ھەردەم مېنى.

ياراشماس تاغلارغىمۇ تەكەببۇرلۇق،
ئاسمان بار ئۈنىڭدىنمۇ چۈنكى ئېگىز.

قانچىكى پەستە بولسا شائىر كۆڭلى،
ئەل ئۇنى كۆرىدىكەن شۇنچە ئەزىز .

ئىسىلسۇن ئىسىلغانلار ئېگىز شاخقا،
زەررىچە تارلىقىم يوق ئەزىبىرايى .
ۋەلېكىن مەن يادىڭغا سىلىپ قوياي،
پەستىدۇر يۈكسەكلىكنىڭ ئەسلىي جايى .

مەيدەڭنى كېرىۋالما، مىسرالىرىم،
بىر قۇلنىڭ ئاۋازى سەن خەلق ئۈچۈن .
ئەگىپ ئۆت يولدا شۆھرەتپەرەسلەردىن،
دوست بولما ھەمدە شۇنداق قەلب ئۈچۈن .

ئاڭلارمەن ماختاشلارنى مەنمۇ، ئەمما
كىيمەيمەن زەر تونىنى ماختىنىشنىڭ .
پاك يولى– قەلەمدىنمۇ پەسرەك يۈرۈش
مەن ئۈچۈن رەزىللىكتىن ساقلىنىشنىڭ .

ئاشقىنىم راستتۇر، بەلكى بىرەر قىردىن،
تاغ ئاشتىم دېسەم، ئۆلەي كۈپۈرلۈقتىن .
چىن شائىر چىقار ئىكەن شۆھرەت ئەمەس،
ئەل بەرگەن رىزقى ئۈچۈن شۈكۈرلۈكتىن .

ھەسەتنىڭ ئۇچىقىغا ئوت قالىغان،
ياراشماس ماڭا ئۇنداق قىتىغرلىق .
ئۆرلىسۇن، كامال تاپسۇن ھەركىم دەيمەن،
تۇتمايمەن شۇ قەلبىمنى قىلچە سىرلىق .

نەپ بىلەن ئۆلچەيمەن ئادەملەرنى،
ئۆلچەيمەن پەزىلەتنىڭ قىلىپىدا.
ياخشىلار بىزار بولغان مەلئۇنلارنىڭ
ئەجىلى شېئىرىمنىڭ قىلىچىدا.

مىنمەيمەن ماختىنىشنىڭ تۇلپارىغا،
قۇرلارغا قىستۇرمايمەن مەنمەنلىكنى.
كۆيلىرىم ئادەت قىلۇر ئابرۇي ئەمەس،
خەلقىمنىڭ يۈرىكىگە ھەمدەملىكنى.

*　　　*

قەلەمنى ئالغىنىم يوق شۆھرەت ئۈچۈن،
يۈكسەكلىك تالاشمايمەن ھېچكىمدىنمۇ.
مۇرادىم ـ ئەلنىڭ مەندىن مەمنۇنلۇقى،
ئەپسۇسلار ئاڭلىغۇم يوق ھېچ دىلدىنمۇ.

1984 ـ يىل ئىيۇن، غۇلجا

## ئانا تاغلار

ئۈستۈڭدىن ئۇچۇپ ئۆتتۈم، كۆردۈڭمىكىن
تۈرنىلار ئارىسىدا مەن بار، تاغلار ؟
قېنى، دەپ سوراپ يۈرمە كىملەردىندۇر،
ھەر كۆزنىڭ قارىسىدا مەن بار، تاغلار .

شامالنىڭ لېۋى ئەمەس، مېنىڭ لېۋىم
باغرىڭنى باغ ـ باغ ئېتىپ سۆيۈپ ئۆتكەن .
ياق، يالغۇز قۇياش ئەمەس، مەن بار يەنە
چوققاڭدىن ئىشقىڭ بىلەن كۆيۈپ ئۆتكەن .

دېگەنتى ئانام سېنى «ئانا تاغلار»،
كۆرستىپ دېرىزىدىن سەبىي چېغىم .
ئانامنىڭ ئاغزى خىزىر ئاغزى تۇرسا،
مەن سېنى دېمەي نېچۈن: ئانا تېغىم!

رەھمەتلىك ئانام كەتتى، قالدىڭ ئەمما
ئەللىككە كەلگىنىمچە ئەللەي ئېتىپ .
ئانام بار، دەپ يۈرىمەن، ئانا تاغلار،
قەدرىڭگە ئۆزۈم يېتىپ، ئانام كېتىپ .

بار ئىدى بىر باغرىڭغا قەبرىلىگۈم
ئۆزۈڭنى «ئانا» دېگەن ئانامنىمۇ .

تەك ئىلىك ئالار ئىدى ئىككى ئۇلۇغ
دەيتتىم مەن ئوغلى بەرگەن سالامنىمۇ .

يادىمغا يەتسە ئانام، ساڭا باقتىم،
نېچۇندۇر يىغا تۇتتى بىراق مېنى.
ئۆرتىدى يىگۇاشتىن سىغىنغاندا،
ئانامدىن سەندە قالغان پىراق مېنى .

ئېگىزنى ئۇلۇغ دېسە، ئۇلۇغ ئۆزۈڭ،
ئەرشنىڭ قۇچىقىدا ئەزىز بېشىڭ .
نۇر چاچقان ئاي يۇلتۇزلار تۇندە ساڭا
يۇرىكى كۆيۈپ تۇرغان قېرىنداشلىڭ .

سېخىينى ئۇلۇغ دېسە، ئۇلۇغ ئۆزۈڭ،
ئالتۇن بار ئېتىكىڭدە، جاۋاھىر بار .
ياق! دېسەڭ ياراشمايدۇ، ئانا تاغلار،
چۆرەڭدە شۇ سۆزۈمگە مىڭ شاھىت بار .

باھارنى كۆرگۈچىلەر ساڭا باقسۇن،
ئالدىڭدا دالا نېمە، ئېتىز نېمە؟!
ئالدىدا بىر گۈلۈڭنىڭ پورەكلىگەن
شائىرلار ماختاپ يازغان مىڭ قىز نېمە؟!

قۇياشقا مەڭزىڭ يېقىن، ئانا تاغلار،
قۇياشتىن قېلىشمايدۇ ھارارىتىڭ .
قارىغايلار بويلىرىدىن كەتمەيدۇ ياز،
باھارغا تولۇپ ياتار ئىككى بېتىڭ .

شەپەقلەر غايىب بولار سېنى سۆيۈپ،
شەپەقلەر مۇرادىغا يېتەر سەندە .

ئۇخلايدۇ زېمىن، ئەمما ئۆزۈك ئويغاق،
كۆزەتتە تۈنلەر ئويغاق ئۆتەر سەندە.

سايەڭنى سايغا چۈشكەن بىر باتۇرنىڭ
سايىسى دېسەم، تەھقىق، قىلار ئازلىق.
چاقماقلار چاقسا، سەندە قىلدى دەيمەن
چوققاڭنى تەسۋىرىمدە قىلچۈۋازلىق.

سېنىڭدىن بىلگەنلىرىم نۇرغۇن مېنىڭ،
بولمايدۇ ئۇنى ساناپ تۈگەتكىلى!
سەن تۇرساڭ پەزىلەتنىڭ چىن ئۇستازى،
مەن يەنە كىمنى چىللاي ئۆگەتكىلى!؟

مىنگەشكەن بوۋاق ئىدىم مەنمەنلىككە،
قول ئۈزدۈم شۇ ئىللەتتىن ساڭا بېقىپ.
مىننەتنى تاشلىۋەتتىم كۆك قەرىگە،
كىبىرىدە ئۇچماس بولدۇم قانات قېقىپ.

يىراقسەن تۆھپەڭ تۇرۇپ تەمەننادىن،
تاشلىدىم سېنى كۆرۈپ غادىيىشنى.
يېتىلدىم خۇيسىز يىگىت بولۇپ ئاخىر،
تاشلىدىم خام خىيالدىن تاج كىيىشنى.

قۇچاقلاي دېسەم سېنى، ئانا تاغلار،
يەتمەيدۇ قۇچاقلىرىم قۇچاقلاشقا.
ياشايمەن سەجدە قىلىپ ھەر كۈنى مىڭ رەت
شۇ سەۋەب سېنىڭدىكى ھەربىر تاشقا.

## نە بىلسۇن

ئاتىلار چەككەن رىيازەتنى
داۋان كۆرمەي، تاي نە بىلسۇن؟!
غېرىب نەدۇر، مۇساپىر كىم،
پاراغەتتە باي نە بىلسۇن؟!

كۈن قاتتىقى قەلەندەرلىك،
ئاچ دەردىنى توق نە بىلسۇن؟!
ۋەجى نېمە كۆز ياشلارنىڭ،
غەم ـ قايغۇسى يوق نە بىلسۇن؟!

چاڭقاپ ياتقان چۆل دەردىنى
باغلاردىكى گۈل نە بىلسۇن؟!
يامغۇر قەدرىنى ئەلمىساقتىن
چۆللەر بىلمەي، كۆل نە بىلسۇن؟!

2003 - يىل 8 - فېۋرال



## بۇ دۇنيادىن كېتەرمىز بىر كۈن

قالار دەريا، قالار كېچىلەر،
بۇ دۇنيادىن كېتەرمىز بىر كۈن .
قالار قەلئە، قالار پۈتۈكلەر،
بۇ دۇنيادىن كېتەرمىز بىر كۈن .

باھار باقىي ئەمەس باغلارغا،
قايتالماسمىز ياشلىق چاغلارغا .
ئوخشمايمىز مەڭگۈ تاغلارغا،
بۇ دۇنيادىن كېتەرمىز بىر كۈن .

يىغقان مالغا تارتىشىپ بولماس،
كارۋانلارغا ئارتىشىپ بولماس .
مېھماندۇرمىز تۇتساڭمۇ قونماس،
بۇ دۇنيادىن كېتەرمىز بىر كۈن .


دۈشمەنچە بول، دۈشمەننى كۆرسەڭ،
ئۈزىتىپ قوي كۆچكەننى كۆرسەڭ .
جەننەت سېنىڭ، جەڭگاھتا ئۆلسەڭ،
بۇ دۇنيادىن كېتەرمىز بىر كۈن .

قەددىڭنى ئەگ قەدىرلىگەنگە،
ئېگىلمىگىن جەبىرلىگەنگە .

جان توشامدۇ سەۋر دېگەنگە،
بۇ دۇنيادىن كېتەرمىز بىر كۈن .

ئالەم ئاشىق ئەمەس كۆز ياشقا،
هايات باشقا، قىيامەت باشقا .
ئوينا، دوستلار، كىرگىن يۈز ياشقا،
بۇ دۇنيادىن كېتەرمىز بىر كۈن .

1992 ـ يىل ئىيۇن، غۇلجا



# سەن كەلگەندەك بوپقالدىم باھار كەلسە، دىلبىرىم

(چاتمىلار)

## باھار خىزىر ئەمەسمۇ

پەرىزاتتەك بىر پەسىل يەنە كەلدى يۇرتۇمغا،
تەبىئەتتە باشلاندى قەسىدىسى قۇشلارنىڭ .
شائىر ئۇچۇن قۇشلاردەك شۇ پەسىلنى ئۇلۇغلاش
ئەڭ ئۇلۇغى بوپقالدى ئالەمدىكى ئىشلارنىڭ .

قەلىمىمگە قوت دەيمەن شۇ ئەمگەكنى ئۆمۈرلۈك،
مىڭ ياشاپمۇ باھاردەك بولالمايمەن بىراقتا .
باھار ئالغان ئالقىشنى ئالالىغان ئىنسان يوق،
ئۇ شان ـ شەرەپ، ئەلۋەتتە، مىڭىنچىدىنمۇ يىراقتا .

قايتىپ كەلدى قاقىرلار ۋادىمىزغا قايتىدىن،
مەرىكىگە باھاردىن يەنە باغاق ئالغاندەك .
سەھەر ئۇچقان شامالدىن بىر مۇزىكا ئاڭلايمەن،
تۇيۇلىدۇ ھەم ئۇنى تەڭرى ئۆزى چالغاندەك .

زىمىستاندىن زارلانغان غېرىبلاردىن غەم كەتتى،
گۈل پۈرايدۇ تۆت يېقى دالالاردا كەچلىسە .
ئورۇق ئاتتا تۇغۇلدى بىر تايچىقى ئۈمىدنىڭ،
سۆيۈنىدۇ باھاردىن، قارا قىشنى ئەسلىسە .

ياman دېگەن ئادەم يوق چۆچەكلەردە خىزىرنى،
باھار خىزىر ئەمەسمۇ ئويلىغاندا يولۇققان؟
ياغدۇرغىنى ياخشىلىق، قالدۇرغىنى گۈلىستان،
باھار ئۆزى ئەمەسمۇ گۈلنى ماڭا تونۇتقان؟!

يامغۇرى بار ئاسماندىن تۆكۈپ تۇرغان ھەممەتنى،
سۇ يەتمىگەن دۆڭلەرنىڭ شۇڭا چىمەن دەرگاھى.
لاپ ئۇرمىغاي ھېچكىممۇ، بولالمايدۇ باھاردەك،
باھاردا بار شەرەپ ـ شان، باھارنىڭ يوق گۇناھى.

قەبرىسىدە ئانامنىڭ يەنە يېشىل بىخ سۈردى،
قەلبىم كەبى ئاھ ئۇرۇپ يىغلاپ تۇرغان ئاق شىۋاق.
ئاق پەرەنجە ئېلىندى باھار كېلىپ زېمىندىن،
تەبىئەتكە يات ئەمدى زىمىستاندىن قاقشىماق.

تەرىپلىمەك باھارنى قەلىمىمگە قۇت مىنىڭ،
يۈزلەپ ۋاراق ئۆرۈلەر ھەر يىل باھار كەلگەندە.
قەسىدەمنى قەدىرلەپ قاقىرلارمۇ قېتىلدى،
بايرام دەيمەن ھاياتنى باھار قۇچاق كەرگەندە.

## باھار سەندەك بولغاچقا

بۇلبۇل كەلگەن باغلاردەك بولۇپ قالدىم بەختلىك،
باھار سەندەك خۇشاللىق ئېلىپ كەلگەچ ماڭىمۇ.
سەن كەلگەندەك بوپقالدىم باھار كەلسە، دىلبىرىم،
ئەمدى بىلدىم بۇ باھار ئوخشايدىكەن ساڭىمۇ.

ئازابىدىن ئازاد مەن سەن قالدۇرغان ھىجراننىڭ،
باھار كەلسە بىلىنمەس چۈنكى يوقۇڭ يېنىمدا.

بىز باھاردا تېپىشقان، شۇڭا باھار قەدىرلىك،
باھار كەلسە، شۇ كۈنلەر تەكرارلىنار دىلىمدا .

كۆك قىياقلار ئوخشايدۇ ئوسما قويغان قېشىڭغا،
شۇ باھاردا ئۈنگەنغۇ سىقىپ قويغان ئوسماڭمۇ .
چاقىرىدۇ «باھار» دەپ، سەن باھارغا ئوخشىغاچ،
تاپالمىسا ئىپتىڭنى يىنىڭدىكى قوشناڭمۇ .

ئۈزلىشسەن باھاردا يەنە ئۈزلۈق قوشۇلۇپ،
ئادىشىدۇ ئەقلىدىن سېنى يازدا كۆرگەنلەر .
باھار يازغا ئايلانسا، سەنمۇ شۇئان ياز چىراي،
كۆپىيىدۇ كېپىنەك، كۆپىيىدۇ كۆيگەنلەر .

تاغلىرىدا باھارنىڭ تەبەسسۇملىڭ نامايان،
كۆچەتلىرى ئوخشايدۇ ساڭا قۇيۇپ قويغاندەك .
جىمى خۇلقى ئوخشايدۇ سېنىڭ گۈزەل خۇلقىڭغا،
ئەسلىي باھار سۆيدە ئاناڭ سېنى يۇغاندەك .

ئاۋازىدا قۇشلارنىڭ ئاۋازىڭ بار سېنىڭمۇ،
كېچىلىرى ئويغىنىپ كەتكىنىمنىڭ ۋەجى شۇ .
ئەنسىزلىكتە ياشايمەن شۇڭا سەندىن ئەنسىرەپ،
باھار ياڭلىغ گۈزەلنى يار تۇتقاننىڭ دەردى شۇ!

سەن ئىپتىزغا چىققاندا ياشىرىدۇ مايسىلار،
دېمەك، باھار خىسلەتلىك قەدەملىرىڭ سېنىڭمۇ .
كىرىپ تۇرار روجەكتىن تۈندە باھار شاملى،
يالغۇزلۇقۇم ئۇنتۇلار كېچىلەردە مېنىڭمۇ .

باھاردىكى مەجنۇنتال خۇددى سېنىڭ سىياقىڭ،
كۆڭلىكىڭگە ئوخشايدۇ باھاردىكى چىمەنلىك .

تۇقايلىقتا قىرغاۋۇل مېنى سەندەك چىللايدۇ،
تۈيۈلىدۇ سەن باردەك دەريا بويى ئېرەنلىك .

بىر ئاندىن تۇغۇلغان بىر جۈپ قىزدەك ئىككىڭلار،
باھار شۇڭا سۆيۈملۈك خۇددى سەندەك ماڭىمۇ .
مېنى دېسەڭ، باھاردا يېشىل ياغلىق تېگىپ يۈر،
سۆيۈپ ئۆتمەك باھارنى ئادەت بولسۇن ساڭىمۇ .

## سەندەك باغۋەن نەدە بار

سەن كىرمىسەڭ باغلارغا، ئۆرۈكلەرگە تەم نەدە؟
سەن چاپمىساڭ كەتمەننى، مەندە ئۇنداق پەم نەدە؟
يۈرگەن بولسام چىقالماي سېنىڭ كۆتكەن يېرىڭدىن،
بۇ كەمگىچە، راست گۈلۈم، پېقىر نەدە، سەن نەدە؟

هارام شاخلار پۇتالدى سېنىڭ چېۋەر قولۇڭدا،
«كىم؟» دېگەنگە: «مەن!» دېدىم تەرلەپ سېنىڭ تونۇڭدا .
خېنە ئەمەس، شېئىرلار ئۈنۈپ چىقتى دۈررىدە،
نېمە ھېكمەت، بىلمىدىم، ئۇرۇق سالغان قورىڭدا .

ئالما سەندىن رەنجىيدۇ، رەڭ بەرمىسەڭ يۈزۈڭدىن،
ئايىنمايدۇ ئانارمۇ نېرى بولسا كۆزۈڭدىن .
باغۋەن سەندەك بولغايمۇ، تاپالمايدۇ كۆرگەنلەر
گۈلدىن ئۆزگە ياۋا ئوت سېنىڭ باسقان ئىزىڭدىن .

ساڭا ھەمدەم بولدۇم مەن ئېتىپ بىرىپ شوراڭنى،
ئالدۇرمايمەن شاخلاردىن باللارغا غوراڭنى .
يوشۇرمىغىن ئامرىقىم، ياراپ قالدىم ساڭىمۇ
مېۋىلەرگە چاچاردا تەڭشەپ بىرىپ دوراڭنى .

قولۇك ئىشتا كۆن بويى، تاتلىق ئاغزىڭ ناخشىدا،
شۇنداق خىسلەت بولامدۇ ياكى ئەسلىي ياخشىدا؟
زايە بولماي بىخ سۈرگەچ ئۇلاقلىرىڭ، كۆرگىلى
بولتۇر كىلىپ كەتكەنلەر يەنە كەلدى تاكىسدا .

باغلار يەتتى ۋايىغا، بىزمۇ يەتتۇق مۇرادقا،
هەر ئىككىمىز ئايلاندۇق خام تۆمۈردىن پولاتقا .
ئايرىۋەتسەك سۆيگۈنى، گۈلۈم، شۇنداق مېھنەتتىن،
دېھقان تۇرۇپ تەكتىمىز، قالمايمىزمۇ ئۇياتقا .

سۇ يۈگۈرۈپتۇ تاللارغا، تاللار يازنى چىللايدۇ،
يەنە باغقا يۈر، يارىم، باغلار بىزنى چىللايدۇ .
ھۆرۈنلۈقتا ھۆرمەت يوق، ئەجىرسىزگە مۇنبەر ھەم،
تورغاي بىلەن تەڭ تۇر، دەپ تاڭلار بىزنى چىللايدۇ .

## ئورمان ئىكەن ئەسلىدە

بوۋايلارنىڭ يانچۇقى نەۋرىلەرگە خەزىنە،
ئورمانلارنى مەن بۈگۈن بوۋايلارغا ئوخشاتتىم .
ئالغىنىم بار ئۇنىڭدىن، بەرگىنىم يوق ئەكسىچە،
ئۇلاشقاندا ئاتمىشقا مەن شۇلارغا ئۇھ تارتتىم .

بولاتتىغۇ بىر چېكى ھەممەتنىڭمۇ ھەر قاچان،
كۆرمىدۇقۇ ئورماندىن ئەجەب ئۇنداق چەكنى بىز.
ئەلمىساقتا ئۇنى يا خىزىر بىنا قىلغانمۇ،
باغلانغانمۇ خىزىرغا ياكى بىزنىڭ تەكتىمىز؟!

ئامان چىقتۇق ئۇ بىلەن قارا قىشتىن قانچە رەت،
كۆن پاتقاندا قايتىشتۇق، چىقىپ كېتىپ كۆن چىقماي .

پالتا چاپساق كۆن بويى ئۇندا ئەسلا ئىگراش يوق،
ياتار خۇددى باتۇردەك ئاغرىسمۇ ئۇنچىقماي .

بىقىپ كەپتۇ بىزنى ئۇ ئوتىمىزنى ئۆچۈرمەي،
ئويلاپ باقساق ئوتۇنسىز قايناپتۇ چېيىمىز .
گۇناھىمىز جىق بىزنىڭ ھەتتا ئاگا ئوت قويغان،
ئورمان ئىكەن ئويلىساق بىزنىڭ سىخىي بېيىمىز .

ئوتۇن توشۇپ ئۆيۈمگە ئاخىرلاشتى بۇ ئۆمۈر،
ئېشەك ئۆلدى ئورۇقلاپ، ئەمما ئورمان ئۆلمىدى .
كونا كۆتەك يېنىدا كۆكلەپ چىقتى تۈمەن شۇڭ،
باھار كېلىپ ئورماندا يەنە كاككۇك ئۈنلىدى .

دەريالاردىن مۇز كەتتى باھار كېلىپ سۆيگەندە،
جاڭگاللارغا جان كىردى، ئاۋۋال ئورمان ياشاردى .
نۇقسانلىرىم جىق ئىكەن ئورمانلارنى سۆيمىگەن،
باھار كەلدى، ئەلۋەتتە، مېنىڭ پالتام قاشاردى .

## شۇ بولغاندۇر باھانە

قاتتىق ياغقان يامغۇردا كېتىپ قالدىڭ، دىلبىرىم،
بولدى دېدىم ئاق يوللۇق مېنىڭ يايرىم كېتەردە .
يىغلىۋەتتىم ۋە لېكىن بىلىنگەندە جۇدالىق،
يامغۇرلۇقۇم يوق ئىكەن ياكى يوللۇق ئېتەرگە .

مەنغۇ گۈلۈم، شۇ سۆزدە ئۆز - ئۆزۈمنى بەزلەيمەن،
سىنىڭ قاتتىق يامغۇردا «خوش!» ئېيتقىنىڭ نېمىسى؟
يامغۇر يىغىپ ئالەمنى تامام كەلگۈن باسقاندا،
خۇش بولغان دەپ ئويلامسەن ياكى نوھنىڭ كېمىسى؟

نادانلىقلىق جىق سىنىلىق، كېتىپ قالدىڭ يامغۇردا،
سەپەر قىلسا ئاق يوللۇق! دېگەن گەپكە ئىشىنىپ.
شۇ بولغاندۇر باھانە بەلكىم مەندىن كەچمەككە،
نېمە ئۈچۈن سىنىقتا، كېتەلمىدىم چۈشىنىپ!؟

1999 ـ يىلى مارت، غۇلجا



# ياشسۇن

يۈلەكسىزنى يۈلىگەنلەر ياشسۇن!
يۈگەكسىزنى يۈگىگەنلەر ياشسۇن!
ئۆزى ئالماي يامبۇ ياغسا ئاسماندىن،
ئەلگە يامغۇر تىلىگەنلەر ياشسۇن!

سۇغارغاندەك سايە بەرگەن چىنارنى،
ئاتا ئەجرىن تۆلىگەنلەر ياشسۇن!
ئېتى هارسا ئانا چۈشكەن هارۋىنىڭ،
ئۆزى ئات بوپ سۆرىگەنلەر ياشسۇن!

چاۋاك چالماڭ، بىزدەك شائىر تۈمەن مىڭ،
ئادالەتنى كۈيلىگەنلەر ياشسۇن!
قايدا يېتىپ، قايدا قوپسا، ۋەتەندىن
ئۆزگە خىيال سۈرمىگەنلەر ياشسۇن!

ئۆزگىلەرنىڭ بەختى ئۈچۈن دەرد تارتىپ،
ئۆزى راهەت كۆرمىگەنلەر ياشسۇن!
يوقسۇزلۇقتا ئوتى ئۆچكەن يالغۇزنىڭ
ئوچىقىنى يۈۋلىگەنلەر ياشسۇن!

هالدىن كەتكەن غېرىبلارنىڭ بېشىدا
چىراغ يېقىپ تۈنىگەنلەر ياشسۇن!

پەرىشتىدىن شەيتان تولا بەزىدە،
ئېزىتقۇغا كۆنمىگەنلەر ياشىسۇن!

سىنىقىدا تۆمەن تۈرلۈك سۆيگۈنىڭ
ئاۋۋال پۇلنى سۆيمىگەنلەر ياشىسۇن !
مال ـ دۇنيانىڭ پىراقىدا كۆل بولۇپ،
شۇ ئوت ـ چوغدا كۆيمىگەنلەر ياشىسۇن !

تەزىم قىلغىن بىلگەنلەرگە قەدرىڭنى،
ئەمگىكىڭنى كۆممىگەنلەر ياشىسۇن !
ئۇنتۇلمىسۇن ئارمان بىلەن كەتكەنلەر،
ئۇمىدلىرى ئۆلمىگەنلەر ياشىسۇن !

1992 ـ يىل ئىيۇن. غۇلجا

## سېغىنىش

سەن كەلمىسەڭ باھار بولامدۇ؟
سېنى كۆرمەي كۆڭۈل ئۇنامدۇ؟
ئايدا، يىلدا بىر كېلىپ كەتسەڭ،
بۇ دىدارغا يۈرەك قانامدۇ؟

سەن كەلمىدىڭ، قارلىغاچ كەلدى،
خۇددى سەندەك سايرىغاچ كەلدى.
كۆزلىرىمگە شۇڭا ياش كەلدى،
كۆڭلۈڭ ياكى مەندىن چانامدۇ؟

شامال بولۇپ قىيغىتىپ كەلگىن،
ماڭا ئۆرۈك ئىرغىتىپ كەلگىن.
مەيلى مېنى يىغلىتىپ كەلگىن،
سېغىنغان يار يولدا قونامدۇ؟

باغلار كۆزى سېنىڭ يولۇڭدا،
گۈل تۇتۇپ كەل ئىككى قولۇڭدا.
تەنھا ياتسام سەنسىز بۇلۇڭدا،
ماڭا يارىم ئۇۋال بولامدۇ؟

بىلمىدىڭمۇ سېغىنغىنىمنى،
ئۇقمىدىڭمۇ يىغلىغىنىمنى؟

**سەن ئالامسەن مېنىڭ جېنىمنى،**
**تەندە بۇ جان مەڭگۈ تۇرامدۇ؟**

2000 ـ يىل 15 ـ ئاپرېل




# كۆڭلۈم

ئېچىل، دېسە ئالدىراپ ئېچىلما، كۆڭلۈم،
مارجان بولساڭ يىپىڭدىن چېچىلما، كۆڭلۈم.
بىرى سېنى ئالدايدۇ: «ئاشىقلىق بىز» دەپ،
بىرى يالغان يىغلىسا، ئېچىنما، كۆڭلۈم.

يۈگۈرۈپ يۈرمە كەينىدىن چىرايلىقلارنىڭ،
ساداقەتسىز سەپلەرگە قېتىلما، كۆڭلۈم.
كىملەرنىڭدۇر مەيلىگە بېرىپ بارىڭنى،
ئۆرۈك بولۇپ شاخلاردىن قېقىلما، كۆڭلۈم.

خىللاپ يۈرمە خىلىڭنى خۇدا بەرگۈچە،
قولۇڭ يەتمەس شاخلارغا ئېسىلما، كۆڭلۈم.
سېنى ئالداپ كۆرمەكچى ئالتۇنى بارلار،
گۆھەر كۆرسەڭ، زەر كۆرسەڭ سېتىلما، كۆڭلۈم.

2004 ـ يىل 15 ـ يانۋار



# تۇغۇلمىغانلارغا

ئوت ئۆچمىگەن قازانلارغا ئوخشايدۇ ئالەم،
ئوتتىن ئۇلۇغ كۈرەشلەرگە چىدىساڭ كەلگىن .
چىنپۈتمىگىن، «پاراغەتكە تۇغۇلدۇڭ» دېسە،
سالقىنى يوق چۆل دەشتلەرگە چىدىساڭ كەلگىن .
گاھى رىزقىڭ ئاق نان بولسا، گاھى تېرىقتۇر،
كۆلدىن ئالغان كۆمەچلەرگە چىدىساڭ كەلگىن .
گاھ كۈنلەردە يوقتۇر ساڭا كۈندۈز راھىتى،
ئەسكى تامدا تۈنەشلەرگە چىدىساڭ كەلگىن .
كىم ئېيتىدۇ: «دوست تارتقاننىڭ جىمىسى دوست!» دەپ،
چۆرەڭدىكى كۈندەشلەرگە چىدىساڭ كەلگىن .
ھايات دېگەن مەۋج ئۇرۇپ ئاققان بىر دەريا،
ئۈزمەك ئۈچۈن ئۆركەشلەرگە چىدىساڭ كەلگىن .
ھەركىم كېلىپ سۆيۈۋەرمەس ئىككى مەڭزىڭگە،
گاھ ھەم قارا سۈركەشلەرگە چىدىساڭ كەلگىن .
سىلاش ئەمەس، تاتىلاش ئۈچۈن تىرناقلار تەييار،
قۇسۇر تېپىپ جۆندەشلەرگە چىدىساڭ كەلگىن .
ئەجەل باردۇر سېنىڭ ئۈچۈن ماختاشلاردىمۇ،
«تىل تەگمىسۇن»، سۆزلەشلەرگە چىدىساڭ كەلگىن .
بىر تال تۈككە ئايلىنىسەن بىلمەي بەزىدە،
ئۇچۇرغىلى پۈۋلەشلەرگە چىدىساڭ كەلگىن .
چىلىڭ باغلىنىپ تىرىكچىلىك ئارقانلىرىغا،
خالىغانچە سۆرەشلەرگە چىدىساڭ كەلگىن .

1993 ـ يىل ئىيۇل، غۇلجا

# كېتەر بولساڭ، خوش ئېيتماي كەتمە

ئايرىلغاندا ئاغرىنما، يارىم،
كېتەر بولساڭ، «خوش!» ئېيتماي كەتمە .
ياخشى چاغدا ياخشى يارىڭنى
ئايرىلغاندا گۇناھكار ئەتمە .

مەندىن ئۆتكەن گۇناھ، سەۋەنلەر
يوق ئەمەستۇر سەندىمۇ بەلكىم .
رەنجىگەندە كېرەكقۇ ئويلاش
ئۆز - ئۆزىنى ئەڭ ئاۋۋال ھەركىم .

تارتىلمىسۇن، ئايرىلغاندا بىز
ياخشى ئۆتكەن كۈنلەر جازاغا .
نامەردلىكتۇر «خوش» دېمەي كەتكەن،
ئۇچرىغاندا سۆيگۈ قازاغا .

قاتتىق ياپما چىققان ئىشىكنى،
يېنىپ قايتا كىرىپ قالسەن .
ئېيتقانلىرىم توغرىمۇ، خاتا،
بىر كۈنلىرى بىلىپ قالسەن .

2004 - يىل 13 - ئاپرېل

# بولسۇن

گۈل بولساڭ، گۈلگە خاس پۇرىقىڭ بولسۇن،
ئۇنەرگە كەينىڭدە ئۇرۇقۇڭ بولسۇن .
ئۈلگەڭدۇر ھىممەتلىك ھەسەل ھەرىسى،
كۆل بولسا، ئۈزەرگە بېلىقىڭ بولسۇن .

ئاسماندا ئاي بولغىن، كۈن بولالمساڭ،
ئىسسىقىڭ بولمىسا، يورۇقۇڭ بولسۇن .
ئاسماندا ئاي بولساڭ ئۇنتۇما يەرنى،
باي بولساڭ، يادىڭدا چورۇقۇڭ بولسۇن .

ئىنسانغا تەس كۈن يوق تىلەپ يېمەكتىن،
شۇندىمۇ چىرايلىق تىلىكىڭ بولسۇن .
ئىلاھىم، بار بولغىن باي بولمىساڭمۇ،
بۇغدىيىڭ بولمىسا، تېرىقىڭ بولسۇن .

ئادەمنىڭ ئالدى گۈل، كەينى تىكەندۇر،
شۇ سەۋەب ئارقاڭدا قۇلىقىڭ بولسۇن .
دوستۇڭغا بېرەرگە يۈرىكىڭ تەييار،
دۈشمەنگە قولۇڭدا بويىقىڭ بولسۇن .

بارچىدىن ئۇزاقتۇر ئەتەڭنىڭ يولى،
مىنەرگە ئۆمىدلەر ئۇلىقىڭ بولسۇن .

قەدىرسىز قالغانىنىڭ كۈنى قىيامەت،
سۇ بولساڭ، ئاقارغا ئېرىقىڭ بولسۇن .

تىلىگىنىڭ تىزگىنى بېشىگىنىڭ بەختى،
قازىنىڭ بولغاندا، تۈۋىقىڭ بولسۇن .
باتۇرغا بارچىدىن سەگەكلىك قىممەت،
كۈندۈزمۇ ياقارغا چىرىغىڭ بولسۇن .

نومۇسقۇ ئىنسانغا قورقۇشتىن ئۆلۈش،
ھوشۇڭدىن كەتسەڭمۇ تىنىقىڭ بولسۇن .
ئۆمۈرلۈك ئۆرۈلمەس مۇنار بولساڭمۇ،
يېنىڭدا ھامان بىر يۆلىكىڭ بولسۇن!

1994 ـ يىل سېنتەبىر، غۇلجا



# كاككۇك بولۇپ يارالسام ئەگەر

كاككۇك بولۇپ يارالسام ئەگەر،
ئۆتەرمىدىم يىغلاپ يارى يوق .
ئەجەب ئىكەن بۇ ئالەم، مەندەك
بىتەلەيدە ئەسلا چارە يوق .

قاقىر بولسام، قاناتىم بولسا،
قاتارلىشىپ ئاسماندا ئۇچسام .
يىغلىسامۇ ئاسماندا يىغلاپ،
يار تۇتسامۇ ئاسماندىن تۇتسام .

دۇتارىڭنى چالغۇم بار ئىدى،
باغلانماپتۇ تۆت تال پەدىسى .
قىلىپ قويىدى مېنى بىتەلەي
بىۋاپانىڭ يالغان ۋەدىسى .

2004 - يىل 30 - ئىيۇن

## يارى يوقنى بىچارە دەڭلار

سۆيەرى يوق، سۆيۈنەرى يوق
يارى يوقنى بىچارە دەڭلار .
كۆيەرى يوق، كۆيۈنەرى يوق
يارى يوقنى بىچارە دەڭلار .

بۇ دۇنياغا كەلگىنى بىكار
ئۆزىگە قۇل، ئۆزىگە چاكار .
پۇت - قولى ساق، يۈرىكى ناكار،
يارى يوقنى بىچارە دەڭلار .

ئالەم قەپەس قاناتسىز قۇشقا،
بۇلبۇل، كاككۇك تۆزەمدۇ قىشقا؟!
بىللە دانلاپ، بىللە ئۇچۇشقا
يارى يوقنى بىچارە دەڭلار .

يالغۇز تۇرنا غېرىب، مۇساپىر،
يىغلاپ ياشار تاغدا يالغۇز شىر .
يالغۇزلاردا بولسۇن نە كىبىر،
يارى يوقنى بىچارە دەڭلار .

يول باشلايدۇ ئەماغا تاياق،
ئۇلاغسىزلار يۈرىدۇ ياياق .

يارسىزلاردا كەمدۈر قول ـ ئاياغ،
يارى يوقنى بىچارە دەڭلار .

2001 ـ يىل 15 ـ ئىيۇن



# سىنى باشلاپ كېتىپتۇ ئېتىزلارغا ئەقدەك

ئۆيۈڭ ئەجەب خىلۋەتتە، بارالمايمەن بەختۇدۇك،
خالاپ قالدىڭ قانداقچە مەھەللىنىڭ چېتىنى؟
چىنپۇتمەيسەن بەربىر يۇرگىنىمگە نە كويدا،
سىنىڭ بىلەن دىدارغا تالالاپ باقتىم كېچىنى .

قاچانلاردىن نومۇسچان بولۇپ قالدىم، بىلمەيمەن،
ئىزدەپ بارماق تەس ئەجەب ماڭا سېنى كۈندۈزى .
قول سۇنماققا مەجبۇرمەن گۈلدە تىكەن بولسىمۇ،
چىقمايدىكەن قۇلاققا ئۇزمىگۈچە گۈل ئۆزى .

بارالمايمەن يېنىڭغا، باھانەم يوق بارارغا،
ئاساۋ ئاتتەك يۇرىكىم ساڭا سۆرەپ تۇرسىمۇ .
بۇ كۆڭۈلدە، چىنپۇتسەڭ، سەندىن ئۆزگە ھېچكىم يوق،
بۆشۈكىگە قورۇنۇش مېنى بۆلەپ تۇرسىمۇ .

كۆچۈپ كەتتىڭ نېمىشقا چەت ياقىغا، دىلبىرىم،
ياكى ماڭا مەيلىڭ يوق، ئەتەي مەندىن قاچتىڭمۇ؟
مەھەللىدىن، مېنىڭدىن يۇلنى ياكى ئۈز كۆرۈپ،
يول بويىغا سەنمۇ يا بىر رېستوران ئاچتىڭمۇ؟

سېنىڭ كەتكەن جايىڭنى ئاتايدىكەن «جاڭزا» دەپ،
كېيىن بىلدىم باھاردا كەتكىنىڭنىڭ سىرىنى .

داداڭ كۆزلەك سوقۇپتۇ كېلىشتۇرۇپ تۆت ئېغىز،
ئاناڭ بىلەن سەن ئاپسەن قوغۇنلۇقنىڭ قىرىنى.

ئۇچراپ قالدۇق قايسى كۈن ئېتىزلىقنىڭ يولىدا،
ئۆتۈپ كەتتىڭ ئالدىراش كۆك سىيرنى يېتىلەپ.
قولتۇقۇڭدا ئوتمۇ بار موزاي ئۇچۈن بىر باغلام،
تېڭىۋاپسەن بېشىڭغا يېشىل ياغلىق چېكىلەپ.

گۈزەللىشىپ كېتىپسەن كۆچەتلەردەك ياپپېشىل،
ئۇزلۇقنى تەبىئەت بىر ساڭىلا بەرگەندەك.
دېھقان قىزى دېگەننىڭ قولى تەگكەن يەر گۈزەل،
بوپتۇ دالا سەن بىلەن تامام چوغلۇق تەرگەندەك.

قىزارتىپتۇ مەڭزىڭنى قۇياش سۆيۈپ تومۇزدا،
گىرىملەرگە نەھاجەت شەپەق تۇرسا يۈزۈڭدە.
كۆيدۈرىدۇ شۇ شەپەق، مېنىڭ كۆزۈم سېنىڭدە،
سېنىڭ كۆزۈڭ شۇندىمۇ يەنە دالا ـ تۈزۈڭدە.

ئۇچراپ قالدۇق نەچچە رەت، سەندە ئاران تەبەسسۇم،
قاچان كۆرسەم قەيسەردەك ئىككى يېڭىڭ تۈرۈكلۈك.
قارلىغاچتەك ئالدىراش يۈرگىنىڭنى كۆرگەندە،
قايتىپ كەتتىم ئارماندا خىياللىرىم سۈرۈكلۈك.

مەھەللىدە تارقالدى سەن توغرۇلۇق ھېكايە،
ئىشچانلىقىڭ، تىڭشىسام، ماختالمىغان بىر ئۆي يوق.
لەۋلىرىنى تەمشىيدۇ ئوغلى بارلار ئەر يەتكەن،
يىگىتلەرنىڭ قەلبىدە سەندىن باشقا بىر كۈي يوق.

كەتكىنىڭنى خىلۋەتكە شۇندا بىلدىم، دىلبىرىم،
سېنى باشلاپ كېتىپتۇ ئېتىزلارغا ئەقىدەڭ.

ئاناڭ ئۈچۈن قانچىلىك بولساڭمۇ سەن ئارزۇلۇق،
خالىماپسەن يۈرۈشنى مىشچانلاردەك چېكىپ مەڭ .

سىنىڭ ئۈچۈن باغلاردىن ئەۋزەل ئىكەن بۇغدايلىق،
سىغىنساڭمۇ سالقىننى شۇ دالادىن كەتمەپسەن .
شالدىرلايدۇ قوناقلىق، سەن بار ئۈنىڭ قوينىدا،
سەن ئېتىزنى بىر كۈنمۇ ئەسلا تەرك ئەتمەپسەن .

قوغۇنلارنى سەن تەرگەن كۆتۈۋالدى بازارمۇ،
«دېھقانىنىڭ!» دەپ توۋلايدۇ داڭلاپ تۇرۇپ ساتقانلار .
بىنەمگىمۇ چىقىپسەن داداڭ بىلەن هارۋىدا،
سەندەك بولماس، بولسىمۇ ئەلدە شەرەپ تاپقانلار .

تەسۋىرلەشكە تىل كېرەك، ئەتتەڭ، شائىر ئەمەسمەن،
چۆرىسىگە گۈل تېرىپ سەن ياسىغان باراڭنى .
توختىتالماي ئاۋارە سۆيۈنگەنلەر سەن ئۈچۈن
باشلاپ قويۇپ سەن قىلغان كۆكتاتلىقتىن پاراڭنى .

سىنىڭدىكى هېكمەتنى شۇندىن ئۇقتۇم، ئىشەنسەڭ،
ئىككى بولدى بىر كۆيۈك، بولۇپ قالدىم ياتالماس .
ئىشچانلىقىڭ ئىشقىمنى يانغىنلاردەك ئۇلغايتتى،
بۇنداق ئوتنى ئۆزگىلەر بەلكىم سەندەك ياقالماس .

تۇتۇپ بېرەي سۇيىنى بۇ يىل تەرگەن كۈزگەڭنىڭ،
ئەجەب ئەمەس شۇ كۈنى يېقىپ قالسام دىلىڭغا .
چەشلىرىڭنى سورۇشقا مەندەك يىگىت لازىمغۇ،
چۆچۈپ كەتمە تاڭ سەهەر بېرىپ قالسام يېنىڭغا .

ئىزلىرىڭدىن ئىزدەيدۇ ياخشىلىقنى يۈرىكىم،
سېنى كۆرۈپ ئۈستىدە، كومباينىغا چىقارمەن .

قوناق ئۈزگەن سىنتەبىر، گۈلۈم، ئەجەب كۆكۈللۈك،
شۇ چاغدىمۇ يېنىڭدىن بەلكىم ئورۇن تۇتارمەن.

بىر تاۋۇزنى تەڭ بۆلۈپ ئويۇپ يەرمىز ئىككىمىز،
يېتىپ قالار سۆيگۈمىز بەلكى شۇ چاغ ۋايىغا.
خەقمۇ مىنىڭ كەينىمدىن يامان كۆرۈپ گەپ تاپماس،
باقار بەلكىم ئەمگەكچان بىر ئاشىقنىڭ رايىغا.

كۆچۈپ بارغۇم بار مىنىڭ ئەمدى سىنىڭ يېنىڭغا،
سوراۋېرەي سۆيگۈڭنى قۇرۇپ كەتسۇن قورۇنۇش.
ئاۋارىمەن خەت يېزىپ ئالماق ئۈچۈن بىر جاۋاب،
مەيلى دېسەڭ سىنىڭدىن ئىككى دۇنيا كۆڭلۈم خۇش!

1999 ـ يىل ئۆكتەبىر، غۇلجا



## دوستلارغا

يامان كۈنلەر مەن بىلەن كەتكەي،
ياخشى كۈنلەر سەن بىلەن بولسۇن .
مەنلا تارتاي تىكەن دەردىنى،
قىزىلگۈللەر سەن بىلەن بولسۇن .

چوقىلارنى ساڭا ئۆتۈندۈم،
ماڭا قالسۇن سايىنىڭ تاپىنى .
تەقدىر ساڭا تاۋار تون ياپسۇن،
ماڭا قالسۇن ئەسكى چاپىنى .

مەن ياسىغان كۆۋرۈكتىن ئۆتسەڭ،
«مېنىڭ ئۈچۈن ياساپتۇ» دەپ ئۆت .
سەپەرلەردە قالساڭ ئۇلاغسىز،
هاپاشلاشقا يەنە مېنى كۈت .

مەن تۇرغاندا غەم قىلىپ يۈرمە
قاردا قالغان خامانلىرىڭدىن .
غەلۋىر تۇتۇپ ئۆزۈم ئايرىيمەن
چەشلىرىڭنى سامانلىرىڭدىن .

ئاي چىللىسا، مەن قالاي، سەن چىق،
«ئايدا دوستۇم بار» دەپ يۈرىمەن .

پەخىرلەنسە ئەللەر مۈلكىدىن،
مەن دوستلاردىن پەخىرلىنىمەن .

دورىمايمەن ئاغزى دوستلارنى،
ئاغرىپ قالساڭ، قەلبىم يىغلايدۇ .
ئايىماسمەن تاپقانلىرىمنى،
مېنىڭ قولۇم دۇنيا يىغمايدۇ .

بىر نان تاپسام، يېرىمى سېنىڭ،
تەڭ ئۆلىمىز ئاچلىقتىن ئۆلسەك .
يالغۇز كۈلۈش ياخشى ئىش ئەمەس،
تەڭ كۈلىمىز توقلۇقتىن كۈلسەك .

1998 - يىل ئىيۇن، غۇلجا

# يازغان خەتلىرىڭ

قىزىلگۈل پۇرايدۇ يازغان خەتلىرىڭ،
سەن گۈلۈم، خېتىڭنى باغدا يازغانمۇ؟
تاڭ سەھەر بۇلبۇلدەك تەلمۈرۈپ ياكى،
قىزىلگۈل ئېچىلغان چاغدا يازغانمۇ؟

قىزىلگۈل پۇرايدۇ يازغان خەتلىرىڭ،
قولۇڭدا قىزىلگۈل بارمىدى ياكى؟
كەلمەستىن شۇنداق خەت يېزىپ تۇرساڭمۇ،
بىر سېنى كۈتەرمەن ئۈلگۈچە تاكى .

قىزىلگۈل پۇرايدۇ يازغان خەتلىرىڭ،
ئايلىنىپ كەتتىڭمۇ ياكى سەن گۈلگە؟
كېلىدۇ ۋاپانىڭ ناخشىسىنى ئېيتىپ،
خەتلىرىڭ نەمۇنە، خەتلىرىڭ ئۈلگە .

1999 ـ يىل ئىيۇل، غۇلجا

## ياخشىلارغا ناخشىلار تولا

دەريا بولساڭ شارقىراپ ئاققىن،
شاۋقۇنىڭنى تاغلار ئاڭلىسۇن .
ياشالىساق ياشناپ ياشايلى،
يۈرەكلەردە ئارمان قالمىسۇن .

تاغ بولساڭمۇ تەكەببۇر بولما،
سېنىڭدىنمۇ ئېگىز تاغلار بار .
بۈگۈننىمۇ سۆيەيلى، ئەمما
بۈنىڭدىنمۇ گۈزەل چاغلار بار .

ئۆستەڭ بولساڭ، سۈپسۈزۈك ئاققىن،
تەكتىڭدىكى تاشلار كۆرۈنسۇن .
ياخشىلارنى ئىزدەپ يۈرگەنلەر
سېنى سۆيسۇن، سەندىن سۆيۈنسۇن .

بۇ دۇنيادا ياخشىلار تولا،
ياخشىلارغا ناخشىلار تولا .
كۆكتە قۇياش بولالمىساقمۇ،
يۇلتۇز بولۇپ چاچايلى شولا .

2001 ـ يىل 9 ـ فېۋرال، غۇلجا

# ئالتۇن ئاسقان بوينۇڭغا تۇمار
# ئاسساڭ خوپ ئىدى

(لىرىكىلار)

## ئۇچۇپ بارغۇم بار مېنىڭ
## ئۇچۇرىڭنى ئالغاندا

ئۇچۇپ بارغۇم بار مېنىڭ ئۇچۇرۇڭنى ئالغاندا،
ئەلەم قىلدى بىراقتا يارالغىنىم قاناتسىز .
كۆنۈپ كەتتىم شۇندىمۇ سېنى ئايلاپ كۈتۈشكە،
تولا تەمشىپ لېۋىمنى قالغانلىرىم ساناقسىز .

يااق كەتكەن يولۇڭغا تەقەززالار تۆمەندۇر،
ئۆلەي دېدىم قىزغىنىپ سېنى، يارىم، شۇلاردىن .
تەرەددۇتۇم پۈتكۈچە تاغ كەينىگە كۈن پاتتى،
ئاسماق ئىدىم بوينۇڭغا ئۆزۈم پۈتكەن تۇماردىن .

ئاز بولدىمۇ ئالدىنىپ مېنىڭ داغدا قالغىنىم،
ئۇچۇرۇڭمۇ ئۇشتۇمتۇت جىمىپ قېلىپ بەزىدە .
«بارمىساڭمۇ كەلمەمدۇ يارىڭ» دېسە چىنپۈتۈپ،
كەلگىنىمچۇ، ۋاي تېخى، يولدىن يېنىپ بەزىدە .

شۇ ئەلەملەر قوشۇلدى سىغىنىشقا مەندىكى،
سوراشقىمۇ جۈرئەت يوق سىنى ئەلدىن: «نەدە؟» دەپ .
بىلمىگەنلەر سورايدۇ: «نەرىلك ئاشىق سىنىڭمۇ،
يوقمىدى يا تۇزۇكرەك ئاراڭلاردا ۋەدە؟» دەپ .

كۆڭۈل بارۇ، يۈرەك يوق، بولۇپ قالدىم قورقۇنچاق،
دەۋاسىدا سۆيگۈنىڭ چىقىپ قالدىم يارامسىز .
زىيان سالدى سۆيگۈگە مىنىڭدىكى مۆمىنلىك،
كۆرۈنگەنىنىڭ ئالدىدىن ئۆتمىگىنىم سالامسىز .

ھەسەتخوردىن قورقىمەن، سۇخەنچىلەر دۈشمىنىم،
يۈرىۋەردىم سۈكۈتتە، «مىنىڭ» دىسە سىنىمۇ .
نەدە بولسۇن توشقاندا تالاشقۇدەك جاسارەت،
ئىت ئاغزىدا كىتەركەن ياۋاشلارنىڭ نىنىمۇ .

ئۆز يارىم دەپ يۈرۈپتۇ سىنى يەنە كىملەردۇر،
ئاجىز كەلدىم شۇ سەۋەب ياقىسىدىن ئىلىشقا .
كاچاتلايمەن ئۆزۈمنى ئۆز گۆشۈمنى ئۆزۈپ يەپ،
ئامالىم يوق شۇلارنىڭ كاچىتىغا سىلىشقا .

بىراق كۆڭلۈم ئۆلمىدى ئۆلگەن بىلەن خىياللار،
سىنى يارىڭ شۇلاردىن سۆيمەي تۇرۇپ كۈنلەيدۇ .
ئۇچۇپ بارغۇم بار مىنىڭ ئۇچۇرۇڭنى ئالغاندا،
تۇندە يىغلاپ شۇڭلاشقا كەپتەر بولۇپ ئۈنلەيدۇ .

## ئەللىك يىللىق ئامەتلەر

ئەللىك يىلنىڭ ئالدىدا نارەسىدە قىز ئىدىڭ،
مەن بار يەردە سەنمۇ بار، سەن بار يەردە مەنمۇ بار .

شۇ چاغدىلا بىخلانغان بىزنىڭ كۆڭۈل، سەۋەبى:
تۇپرىقىدا سۆيگۈنىڭ ھاۋامۇ بار، نەممۇ بار .

شۇ چاغلارنى ئەسلىسەم، يۈرەك - باغرىم يىغلايدۇ،
چۈنكى بولماس قايتقىلى بالىلىققا، ياشلىققا .
«ھەسرەتلەرگە نە ھاجەت؟» دەپ بەزلەيمەن ئۆزۈمنى،
باشلىدۇقۇ بىزمۇ سۇ بۇغداي تېرىپ تاشلىققا .

ئەللىك يىلغا بىزنىڭمۇ بەرگىنىمىز ئاز ئەمەس،
تەقدىم بولدى توزدەك ئۇز ياشلىقىمىز ۋەتەنگە .
ئون سەككىزدە سۆيگەندەك شۇڭا، يارىم — ئەللىك يىل،
ھەر تاڭ قۇياش سۆيمەستە سۆيۈپ كەلدىم چېكەڭگە .

بەخت ئالدۇق بەزىدە يانچۇقىدىن كۈنلەرنىڭ،
بوۋايلاردىن نەۋرىلەر خۇددى تاتلىق ئالغاندەك .
غايىب بولدى بەزىدە كۆڭۈللەرنىڭ خۇشلۇقى،
ئاسمان كەبى تەقدىرنىڭ خۇيى تۇتۇپ قالغاندەك .

يالغان چىقتى ھاياتنى تامام بەخت دېگەن گەپ،
گۆدەكلىكتە يالغانغا چىنپۈتكەنمۇ بىز بولدۇق .
بىلىپ تۇرسا خالايىق ھالىمىزنى ئەزەلدىن،
گۆدەكلىكتە نۇقسان كۆپ: يالغانلاردىن ئۇز بولدۇق .

نادانلىققا «خوش!» ئېيتىپ خەيرلەشتۇق ئاخىرى،
يۈيۈپ قويدى ئەللىك يىل بىزنى ئەقىل نۇرىدا .
ئايلانمىساق ئاقىلغا ئەللىك يىللىق قىسمەتتە،
ئاۋازىمىز بولامتى ئەللىك يىلنىڭ خورىدا؟

ئېگىز تۇرۇپ تەڭرىتاغ جىمى تاغدىن جاھاندا،
ئوغۇل - قىزى خىجىلغۇ جىمى ئەلدىن پەس تۇرسا؟

جاق تويدۇققۇ سۆيگەنگە جاھالەتنى جانان دەپ،
ئاسارەتتە بىز ئۇچۇن ئالغا باسماق تەس تۇرسا؟!

ئەللىك يىللىق ئامەتلەر ئىككىمىزگە قىممەتلىك،
بىلۋالدۇق بىلمەدىن ئۆزىمىزنى ئۆزىمىز .
چاتقاللاردا ئات چېپىپ چارچاپ ئۆلگەچ تالايلار،
توغرا يولنى ئاخىرى تونۇپ يەتتى كۆزىمىز .

ئۇمىد تەرسەك يىللارغا ئۇنۇپ چىقتى قىش كېتىپ،
رىئاللىققا ئايلاندى كۆرگەن چۈشنىڭ ئاخىرى .
يۇرۇپتىمىز چىنپۇتمەي گۇمانلارنىڭ كەينىدە،
باھار دېسە كونىلار قارا قىشنىڭ ئاخىرى .

سۆزلىگەنگە تۈگەمدۇ ئەللىك يىلنىڭ گەپ ـ سۆزى،
تەرىپلەنسە قەيسەرلىك ئىككىمىزگە كۆپايە .
تاشلىۋەتتۇق مۇشكۇلنى ئۆشنىمىزدىن ئاقىۋەت،
ئىزىمىزدىن قالغىنى باتۇرلۇقتىن ھېكايە .

خۇمدانىدا ھاياتنىڭ پىشىپ چىقتۇق ئىككىمىز،
ئەللىك يىللىق ئامەتتە ئاۋۋال شۇنى داغلايمەن .
ئەللىك يىللىق ئىمتىھان بىزگە ئاسان چۈشكەنمۇ،
بۈگۈن شۇنى ئويلىسام، يىغلىۋاشتىن ياير ايمەن .

قارا چاچلار قانداقچە ئاپئاق قارغا ئايلاندى،
جاۋابىنى مەن ئەمەس، سۆزلەپ بېرەر ئەللىك يىل .
ساداقەتنى ئۆگەتتى بىزگە ئۇلار ئەخلاقتىن،
تەۋرىمىدۇق شۇڭلاشقا قىسمەت كەلسە ئەللىك خىل .

قوراي بولۇپ قالساڭمۇ كېلىپ تۇردى گۈل ھىدى،
ساداقەتتىن كەچمىدۇق، شىرىن جاندىن كەچسەكمۇ .

بىلىم ئىكەن سۈكۈتمۇ، ئالتۇن بىلدۇق سۈكۈتنى،
كاككۇك بىلەن زەينەپتەك جۇدالىقتا يۈرسەكمۇ.

كۆنۈپ كەتتىم سېنى دەپ شادلىققىمۇ، غەمگىمۇ،
شۇڭا بۇگۈن داغلايمەن ئەللىك يىللىق ۋاپانى.
مۇھەببەتتە ئەۋزەللى شۇنداق ۋاپا ئەمەسمۇ،
بىلىندۇرمەي ئۆزاتقان جىمى جەبىر ــ جاپانى.

بالىلارغا ئابىدە تىكلەپ بەردۇق چىدامدىن،
ئىككى قولى ئۇلارنىڭ ئىشچانلىققا كۆنسۇن دەپ.
بىزدىن قالغان دەستۇرغا شۇلار ئۈچۈن يېزىلدى،
نەدە بولسا شۇ يەردە ئادالەتنى سۆيسۇن دەپ.

يوللىرىمىز تۇتىشار ئەتە يېڭى ئەسىرگە،
ئۆمرىمىزنىڭ ئۇزۇلۇقى سۆزلىنىدۇ شۇندىمۇ.
ئەللىك يىللىق ئامەتلەر ئىككىمىزگە قىممەتلىك.
زەررىلىرى ئالتۇننىڭ چاقنايدىغۇ قۇمدىمۇ؟!

## چىرايلىقنىڭ كەينىدە چۆچەك تولا، سۆز تولا

بىرەتتىمغۇ مەن ئۆزۈم تەبىرىنى، ئەزىزىم،
ئېيتسپ يۈردۈڭ نېمدەپ كۆرۈنگەنگە چۈشۈڭنى؟
بەزىلەرنىڭ، بىلمەمسەن، كۆزى يامان ئەزەلدىن،
گەپ سورىسا نېمشقا كۆرستىسەن چىشىڭنى؟

ئادەم بارمۇ ئۆگزەڭدە؟ غىچىلدايدۇ تورۇسۇڭ،
مەھەللەڭدە يوق ئەمەس بىزنى ماراپ يۈرگەنلەر.
ئۆتۈپ كەتتى دۈپۈرلەپ ئىشىكىڭدىن كىملەردۇر،
ھەيران ئىكەن بۇ ئىشقا ھەتتا ئۇنى كۆرگەنلەر.

بولۇپ قالدى شۇبھىلىك قوشنىلارنىڭ ئۆيىمۇ،
كىرىپ يۈرمە شۇڭلاشقا كەچ كىرگەندە تىلەككە .
بولۇپ قالغان ئوخشايمەن بەلكىم مەنمۇ گۇمانخور،
ئەمما كۆڭلۈم بارمايدۇ شۇبھىلەردىن بۆلەككە .

يالغۇز قويۇپ بەرگۈم يوق سېنى، گۈلۈم، بازارغا،
بازار دېگەن يامان يەر، ئادەم تولا، كۆز تولا .
ئەلمساقتىن دۈشمەننىڭ تاپمايدىغان گېپى يوق،
چىرايلىقنىڭ كەينىدە چۆچەك تولا، سۆز تولا .

ئالتۇن زەنجىر ئاسماستىن، تۇمار ئاسساڭ خوپ ئىدى،
ئۇنىمايسەن ئەزەلدىن مەن دېگەنگە يىراقتا .
باش ـ كۆزۈڭدىن سەدىقە، خەير ـ ئېھسان بېرىپ تۇر،
بالا ـ قازا، ئىلاھىم، سەندىن يۈرسۇن يىراقتا .

مەن بارمىغان تويلارغا بارما دېگۈم كېلىدۇ،
چىراي ئاچما بارساڭمۇ كۆرۈنگەنگە جىلمىيىپ .
سالام ـ سەھەت باشقا گەپ، ئۇ جىلمىيىش باشقا گەپ،
ئەرزان كۈلكە ـ تەبەسسۇم ئەلمساقتىن بىر ئەيىب .

ئەلدىن سېنى، ئامرىقىم، قورۇنغىنىم قورۇنغان،
بوي تارتىپتۇ ئويلىسام مېنىڭدىمۇ كۈنچىلىك .
لىللا تۇرۇپ ئېيتقىنا، سېنى چىندىن سۆيمىسەم،
سەۋدايىدەك ھەر كۈنى سۆزلەمدىمەن مۇنچىلىك؟!

## ئاشۇلارنى دورىساڭ . . .

كۈن ئارىلاپ ئۆيۈڭگە كېلىپ ـ كېتىپ يۈرگەنلەر
غەلىتىغۇ، دىلبىرىم، كۆرسەتمەيدۇ يۈزىنى .

بىشىدىكى بىلمىدىم، پەرەنجىمۇ، رومالمۇ،
نامەھرەممىش، ئاڭلىسام چۈمكىمىسە ئۆزىنى .

مىڭىپ يۈرمە باشلىسا شۇلار ماڭغان يوللارغا،
ئېيتقىنغا ئىشەنمە، قايدۇرىدۇ بېشىڭنى .
بۇ دۇنيالىق كۆلكەڭنى گۇناھ، دەيدۇ ئەيىبلەپ،
ئوتى ئۆچۈپ ئۆيۈڭنىڭ، كۆل باسىدۇ بېشىڭنى .

ئارتىۋالساڭ پەرەنجە، ئاي يۈزۈڭگە ئاھانەت،
ئۆچ ئەمەسمۇ ئادەملەر ئاينى توسقان بۇلۇتقا؟
كۆكلىمەيدۇ، قۇرۇيدۇ (قۇرۇغانلار تۈمەن مىڭ)،
ئىخلاسىنى بەرگەنلەر ئەپسۇنلارغا، دۇرۇتقا .

ھۆسن قوشقان گۈل تۇرسا جامالىغا دۇنيانىڭ،
قىزىلگۈلنى، ئېيتقىنا، چۈمكەپ قويۇش دۇرۇسمۇ؟
نادانلىقتىن نادامەت كۆرۈپ تۇرۇپ ئۆزىمىز،
بۇنى يەنە تەقدىرگە دۆڭگەپ قويۇش دۇرۇسمۇ؟

ياسانمىساڭ ياشلىقىڭ نۇر چاچامدۇ ھەسسىلەپ،
گۈزەللىكمۇ ياشلىقنىڭ دوستى تۇرسا ئەسلىدە .
باھار دەيمىز ياشلىقنى، نەدە ئۇنداق گۈزەللىك،
گۈزەللىكى دۇنيانىڭ ئەسلىي باھار پەسلىدە .

ئۇچالمايسەن ئاسماندا ئاشۇلارنى دورىساڭ،
قايمۇقسەن يولۇڭنى ئاشۇلاردىن سورىساڭ .
قارىسى بار قازاننىڭ، يىراق يۈرگىن شۇلاردىن،
قارا بولۇر ۋۇجۇدۇڭ ئاشۇلارغا يولۇقساڭ .

ئۇزلۇق دېسەڭ، ئۇزۇن چاچ قويۇپ يۈرگىن، ئەزىزىم،
چۈمكىۋالغان ياشلاردىن مىڭ ياخشى ھەم بۇدۇر چاچ .

كىپىنەكتەك ياسانساق، جاكارلايمەن: «ئۇچتى!» دەپ،
ئۇچۇپ يۈرگىن لاچىندەك، بولۇپ يۈرگىن قارلىغاچ .

ئىگىز پاشنا تۇپلەيلەر قۇت قوشىدۇ قەددىڭگە،
يوپكاڭ ساڭا يارىشىپ، ئايلاندۇردى سۈرەتكە .
كەشتە باسقان كوپتاڭغا يوشۇرۇنغان كۆركەملىك،
شۇڭا تۇرقۇڭ ئايلاندى مىليون كۆزدە كۆرەككە .

سەن تۇرغاندا ئادەملەر روپاشلارغا باققايمۇ،
ئۇلار سېنى ئۈندەيدۇ ياشاش ئەمەس، ئۆلۈمگە .
بىر زۇلمەتكە مەھكۇمسەن مېڭىپ قويساڭ كەينىدىن،
ئەنسىرەيمەن شۇڭلاشقا كىلىپ يۈرسە ئۆيۈڭگە .

ئايلىنىسەن ھۆرلەرگە مەن ئىبتقاندەك يول تۇتساڭ،
كەتكەندىمۇ دۇنيادىن ئارمان بىلەن كەتمەيسەن .
بىلىپ قويغىن: شۇلارنىڭ بايرىقىنى قۇت دېسەڭ،
كاككۇك بىلەن زەينەپتەك مۇرادىڭغا يەتمەيسەن!

## كىرىپ قالسام چۈشۈڭگە . . .

كىرىپ قالسام چۈشۈڭگە جورۇپ يۈرمە يامانغا،
يامان كۈنلەر بولمامدۇ يامانلارنىڭ بېشىدا؟
كىمگە قىلدۇق يامانلىق، ئويلىغىنا، ئەزىزىم،
كۆكلەمدۇ يا بۇ ئالەم ياخشىلارنىڭ يېشىدا؟

تىل تەگكەندەك بولمامدۇ بۇ ۋىسالغا باشقىدىن،
پىشكەللىككە يولۇقسام، تارتقانلىرىم ئاز كىلىپ .
دىگىنىڭغۇ ئورۇنلۇق: بەتلىنىدۇ ملتىقمۇ،
ئەمدى كۆلگە چۈشكەندە ئۆردەك كىلىپ، غاز كىلىپ .

شۇنداقتىمۇ ھەقىقەت يېڭىپ چىقتى ئاخىرى،
بىزنى يامان دېگەنلەر ئەپۇ سوراپ كەلدىغۇ؟!
ئەمدى قالغان كۈنلەردىن يەنە نېمە ئەنسىرەش،
تۆھمەتلەرنى ئاخىرى شۇ ھەقىقەت يەڭدىغۇ!؟

بىز تەڭرىگە بارغۇچە، تەڭرى دېگەن ياخشىلار،
ياخشى بولساق بىزنىمۇ شۇ ياخشىلار يۆلەيدۇ.
يامانلارغا ياسالغان، بىلسەڭ، ئەسلى دار دېگەن،
يامانلىقى شۇلارنى ئاخىر دارغا سۆرەيدۇ.

چىقىپ كەتسەم كوچىغا، شۇئان ئېغىپ يۈرىكىڭ
چىققانلىرىڭ ئاز ئەمەس مېنى ئىزدەپ تالاغا.
بولۇپ قالدىڭ كېيىكتەك غايىب ئوقتىن ئۈركۈگەن،
تارتامدۇ يا قاپقىڭ دائىم دەردكە - بالاغا؟

تۆت بالاڭنىڭ بەختىگە ياخشى كۈنلەر تىلەيمەن،
ئىشەن، گۈلۈم، بىزگىمۇ كېلىۋەرمەس يامانلىق.
مەنمۇ سەگەك بوپقالدىم بىخۇدلۇقتىن ئازار يەپ،
سەگەكلەرگە يېقىنغۇ ئاسايىشلىق - ئامانلىق.

تارتقان زىيان ياخشىلار ۋاقتىنچىدۇر ۋە لېكىن
يىللار تىنچ ئۆتمىگەچ ئەنسىرەيسەن مېنىڭدىن.
يۈرەكئالدى بوپكەتتىڭ، قارا باسقان كېچەڭ كۆپ،
ياخشىلىقنى تىلەيمەن مەن يەنىلا سېنىڭدىن.

ياخشى بولساق ھىدلايدۇ بىزنى گۈل دەپ ئادەملەر،
كىرىپ قالسام چۈشۈڭگە، ياخشىلىققا جورۇپ يۈر.
بېسىلمىسا تەشۋىشىڭ شۇنىڭدىمۇ، دىلبىرىم،
بىر پارچە نان بېشىمدىن ھەر سەھەردە ئۆرۈپ يۈر.

1999 - يىل ئىيۇل، غۇلجا - پىچان

# بىر كېلىمىز دۇنياغا

بىر كېلىمىز دۇنياغا، كۈندە سۆيۈن، كۈندە سۆي،
قىيامەتلىك جۇپلەر بىز، كۈندە كۆيۈن، كۈندە كۆي.
ئازار يېگەن كۆڭۈلدە كۆكلىمەيدۇ مۇھەببەت،
ئۆرە بولغان ئەمەستۇر ئەلمىساقتىن كۈلدە ئۆي.

ئاسايىشلىق ئۆمۈرنى كۆتۈرىدۇ ئەرشكە،
كۆتۈرەمدۇ كۆڭۈلنىڭ تارازىسى ئۆزگىنى؟
ۋاپا تولغان ھۇجرىدا شائىرانە ھايات بار،
شۇ ئەمەسمۇ ھاياتنىڭ كۈندە قوشاق تۈزگىنى؟!

قەدىردانلىق ئىنسانغا قىممەت خىسلەت قەدىمدىن،
ماڭلىيىڭغا ھەر كۈنى مىڭنى سۆيسەم ئاز شۇڭا.
بىر كېلىمىز دۇنياغا، قىشنى سۆيگۈ كۆتۈرمەس،
لازىم، گۈلۈم، تائەبەد ئارىمىزغا ياز شۇڭا.

سىنى گۈل دەپ يۈرايمەن كۈندە سۆيۈپ قانماستىن،
ئىناق سۆيگۈ باغ چۈنكى، ئىناق سۆيگۈ پاراغەت.
گۈللەيمىزمۇ، ئىپتىقنا، شۇ جۇپلۈكتىن ئايرىلساق،
شۇڭا ماڭا تۇيۇلار قىيىدىغىنىڭ قىيامەت.

ئاغرار مىنىڭ يۈرىكىم، بۇلۇت كۆرسەم چېھرىڭدىن،
مېھمان تۇرساق تۆت كۈنلۈك، نېمە ھاجەت نىزاغا.

ئەپۇ دېگەن يارالغان مەن ئۈچۈن ھەم سەن ئۈچۈن،
ئۆتۈپ كەتسەك نىزادا، ئۆلمەيمىزمۇ ئىزاغا؟!

بىر كېلىمىز دۇنياغا، قايتىشمىدى كەتكەنلەر،
ۋاپا ئىكەن ھاياتنىڭ بىزگە ئاۋۋال بەرگىنى.
ھارام بىزگە، دىلبىرىم، نىزا تۇگۇل گۇمانمۇ،
سۆيگۈ دېگەن ئالەمنىڭ بىزگە قۇچاق كەرگىنى.

قايتقىنىمدا خاماندىن قېقىپ قويساڭ ئۇچامنى،
ھاردۇق دېگەن، ئېيتقىنا، ئۆزى شۇئان چىقمامدۇ؟!
ئوسما تەرسەم، گۈل تەرسەم ئۆزۈڭ ئۈچۈن باغلارغا،
جاھان ئەھلى شۇلاردىن چىن سۆيگۈنى ئۇقمامدۇ؟!

بىز يارالغان ئەزەلدە سۆيۈشۈشكە، سۆيۈشكە،
قوشۇپ بەردى بۇ ئالەم مۇھەببەتكە شادلىقنى.
بىر كېلىمىز دۇنياغا، ئارىلاشتۇرما، ئامرىقىم،
يا يۇمشاققا قاتتىقنى، يا ئاچچىققا تاتلىقنى.

تۇنۇگۈنكى بوۋاقلىق بۇگۈن بىزگە پۇشايمان،
تاس قالغانتۇق كىبىردە كەتكىلىمۇ ئايرىلىپ.
جۇپلۇكمىز شادلىقنىڭ مۇنبىرىدىن چۈشمىسۇن،
ئۇھ تارتمايلى ئەپسۇسنا، قېرىغاندا قايرىلىپ.

تاشتىن قاتتىق ئىشەنچتىن غالىب كېلىپ ئەنسىرەش،
تۇمانلىرى تەشۋىشنىڭ بىزگە غەشلىك چاچمىغاي.
يالغان سۆيۈش مەلئۇنلۇق، يالغان سۆيسەم ئۆلەيمەن،
دوستلىرىڭمۇ، ئېيتىپ قوي، خۇددى بىزدەك ياشنىغاي.

بىر كېلىمىز دۇنياغا، بىللە تۆككەن تەر ئۇلۇغ،
ھاجەت ئەمەس كۆز ياشلار بىللە چەككەن جاپاغا.

زۆرۇر چاغدا ھۇزۇردۇر رىيازەتمۇ تەڭ چەككەن،
دالىل ئىكەن شۇنداق كۈن ساداقەتكە ـ ۋاپاغا .

ئىزىتقۇلار يالغاندىن زەردارلىققا ئۈندەيدۇ،
كىگىز ياخشى، ھىزى بول، شۇلار بەرگەن گىلەمدىن .
بايلىق دىگەن، بىلىپ قوي، شىرىن ئۆتكەن سۆيگۈدە،
قۇزغۇن ئۇچقان ياماندۇر بۇلبۇل جايى ـ چىمەندىن .

قارغىش ئىلىپ ئۆتكەنلەر يامانلىقتىن نە تاپتى؟
ياشارتىدۇ ياخشىلىق ياخشىلارنى ئەزىزلەپ .
ئۆتئۇشكەنلەر ئىززەتتە جاي ئالاركەن ھەر دىلدىن،
بارار ئىكەن شۇنداقلا تاغلاردىنمۇ ئىگىزلەپ .

دەرس ئالسۇن شۇلاردىن بىزنىڭ سۆيگۈ، ئامرىقىم،
بىر كىلىمىز دۇنياغا، مىنى كۈندە سۆيۈپ قوي .
بۇ سۆيگۈنى قۇتلايدۇ ھەر كۈن چىققان قۇياشمۇ،
ھەر سەھەردە بىر قەدەھ سەنمۇ ماڭا قۇيۇپ قوي .

1991 ـ يىل مارت، غۇلجا

## ماڭا ئۆلۈم تىلەپسەن ئاخشام

ماڭا ئۆلۈم تىلەپسەن ئاخشام،
بىرىپتۇ دەپ مېنى توپىلارغا .
كۆنچىلىكلىك قاتتىقكەن ئەجەب،
سىلىپ قويدۇق مېنى ئويلارغا .

ماڭا ئۆلۈم تىلەپسەن ئاخشام،
كەتكىنىمنى ئاڭلاپ كۆرۈشمەي .
ئاسىيلىققا ھەيدەپسەن مېنى،
شۇ بىر ئاخشام قالساق سۆيۈشمەي .

ئوت قالسام يىغلايدۇ ئوچاق،
ئىس پۇرقۇدى كۆزۈمگە ئاۋۋال .
چاتاق بارمۇ تۇرخۇندا ياكى
ماڭا يېقىن قالدىمۇ زاۋال؟

تۇتقان سۆيۈم بۇغدايلىقىمغا
ئاياغلاشماي قالارمۇ توختاپ .
قالارمەنمۇ ئىچىق بېشىدا
يىغلاپ تۇرغان دېھقانغا ئوخشاپ؟

ماڭا ئۆلۈم تىلەپسەن ئاخشام،
ئەيىبىم شۇ كۆندە كەلمىگەن .

كۆنلىسمۇ ئەللەر يارىنى،
نەدە سەندەك قارغاپ كۆنلىگەن ؟

ئېگىۋەرمە قۇرۇق قورايىنى،
ئېگىۋەرسەڭ كەتمەمدۇ سۇنۇپ ؟
قۇرۇق تۆھمەت، پەخەس بول، يارىم،
تۆگىتىدۇ سۆيگۈنى يۇنۇپ !

1999 ـ يىل ئاۋغۇست، غۇلجا




# بىر كۈنى

بالاڭ ئازسا، «ئاھ» ئۇرما، يول تاپىدۇ بىر كۈنى،
ئامان بولسا، ئۇلارمۇ پۇل تاپىدۇ بىر كۈنى.
خاتا باسقان قەدەملەر قالدۇرغاندا قاتاردىن،
ئۆزى ماڭغان چاتقالغا ئوت ياقىدۇ بىر كۈنى.
گەدەنكەشلىك ھېچكىمدىن ئۇدۇم ئەمەس ئۇلارغا،
ئۆزى كېلىپ ئالدىڭغا گەپ ئاچىدۇ بىر كۈنى.
ئات بولغۇچە ئاساۋ تاي ھەر يان چاپسا چاپمامدۇ،
ئۇلارغىمۇ بۇ دۇنيا يۈك ئارتىدۇ بىر كۈنى.
«ئاق»نى چەككەن ئاغزىدا ئوقۇپ ئەپسۇس، پۇشايمان،
قاراپ ئۇلار كەينىگە «ئۇھ» تارتىدۇ بىر كۈنى.
بۈگۈن پاتماي يۈرگەنلەر كوچىلارغا تون بويى،
چىللىسىمۇ كوچىلار جىم ياتىدۇ بىر كۈنى.
تەييار توقاچ قولۇڭدىن يەۋەرمەيدۇ ئۇلارمۇ،
ئۆزلىرىمۇ تون تارتىپ، نان ياقىدۇ بىر كۈنى.
بۇ ئالەمدە ھەر ئىشنىڭ سائىتى بار، ۋاقتى بار،
خۇددى سەندەك ئۆي تۇتۇپ، ئۆي باقىدۇ بىر كۈنى.
كۆندۈرىدۇ بۇ جاھان تالاي ئىشقا ئۇلارنى،
شۇلار چاپقان ئۆستەڭدە سۇ ئاقىدۇ بىر كۈنى.
بىز ئوينىغان نورۇزنى بىزدەك ئويناپ شۇلارمۇ،
ئىزىمىزدا ئېگەرلەپ ئات چاپىدۇ بىر كۈنى.
پېشانەڭگە ئاسماندىن ئىللىق قۇياش نۇر چاچسا،
يۈرىكىڭگە بالاڭمۇ نۇر چاچىدۇ بىر كۈنى.

سەنمۇ ئاتا ـ ئاناڭنى ئۆتكەن بولساڭ ئەزىزلەپ،
ئوغۇل ـ قىزىڭ ساڭىمۇ تون ياپىدۇ بىر كۈنى.
شۇ ئىشلارنى كۆرەلمەي ئۆلۈپ كەتسەڭ ئامال يوق،
هايات بولساڭ، مەيدەڭگە گۈل تاقايدۇ بىر كۈنى.
يامان دېسەڭ بالاڭنى، كىم بېرىدۇ ياخشىنى،
هازىر يامان بولسىمۇ، ئەسقاتىدۇ بىر كۈنى.

1996 ـ يىل مارت، غۇلجا



# ۋاي داد

(ساتىرا)

ئۆيۈمدە تۇردى بىر باخشى كېلىپ بىرقانچە رەت، ۋاي داد،
بۇ رەت بىر ئايدا قالدۇردى  ماڭا ئالەمچە دەرد، ۋاي داد،
دېمەي قانداق چىداي، ئەمما دېسەم، ھەر جايدا سەت، ۋاي داد،
يېزىپ چىقسام ئۇنىڭ دەردى بولۇپتۇ نەچچە بەت، ۋاي داد،
يۈرەرمەن شۇ سەۋەب ئەمدى جېنىمدىن قايغۇ يەپ، ۋاي داد .

بۇرۇن باخشى دېگەن دەخمىز بىلەن ئەسلا تونۇشمايتتىم،
بىرى كاززاپ، بىرى ئاچ كۆز . . . شۇڭا ئۇلپەت بولۇشمايتتىم،
دادامنىڭ رايىدىن قورققاچ، تېرىكسەممۇ ئۇرۇشمايتتىم،
كۆزۈم تۆت كەتكۈچە ئۇ نەس سەۋەب، سۆھبەت قۇرۇشمايتتىم،
بۇگۈن قانداقچە بۇ نەسكە يولۇقتۇم، توۋا، خەپ، ۋاي داد .

«چىراغدىن چىقتى بۇ ئۆي» دەپ ئۇ بىر تۈندە كىرىپ كەلدى،
توخۇ، ئۆردەك، قېچىر، ئاتنى دوراپ قىيقاس سېلىپ كەلدى،
دادامنىڭ كۆزىدە گويا شىپالىق داپ چېلىپ كەلدى،
بالا نەپسىگە ھاڭ تەمسىل، تالايلارنى شىلىپ كەلدى،
ئالار ئەمدى مېنىڭدىن ئۇ تالاي پۇل، پايدا ـ نەپ، ۋاي داد .

دادامنىڭ ئاغرىقى بولدى بۇ پېشكەلنىڭ سەۋەبكارى،
ئانامۇ ئەسلىدە باخشى بىلەن رەممال تەرەپدارى،

ئۆزۈم بولدۇم ئۇلار بەرگەن جىمى پۇلنىڭ جاۋابكارى،
بۇ ئۆينىڭ قويى بىز بولدۇق، ئارىدا باخشى قوچقارى،
ئۇسەر بولسا، ياتار بولدۇق يەنە خوپ، ياخشى دەپ، ۋاي داد .

ئاۋۋال شام ياققۇدەك ئونلاپ بازارغا پاختىغا چاپتىم،
بۇ قىشتا قايدا ئادراسمان، سوراپ مۇشكۈل بىلەن تاپتىم،
بولۇپ قوپقاندا تۇغ تىكمەك، كىرىپ ئامباردا دۇم ياتتىم،
چىقىم باشلاندى بوراندەك، كالامدىن بىرىنى ساتتىم،
دادامغا ياقمىدى مەندىن قىلىنغان قانچە گەپ، ۋاي داد .

ئانام باقتى ئۇنى قايماق بىلەن ھۆرمەتتە «ئۇستام» دەپ،
دادام زار «روزىنى ئۇستام بىلەن بىرلىكتە تۇتسام» دەپ،
زېرىكتىم بۇ مەرەزدىن مەن «كېتەر ۋاقتىنى ئۇقسام» دەپ،
لېكىن باخشى بۇ تاۋكادىن يۈرەر ھەر كۈندە «ئۇتسام» دەپ،
تېخى بارمىش ماڭا بۇ دەرد يەنە كۆپ ھەپتىلەپ، ۋاي داد .

ئاتاقتا پىرىخون ـ باخشى، لېكىن يوق ئەسكىدىن پەرقى،
ئەمەس ھەم سودىگەر، چۈنكى باھادا يوق ئۇنىڭ نەرخى،
«خۇدا» دەپ يۈرگىنى يالغان، تامام پۇل، ئاقچىدۇر شەرتى،
ئالاردا قوزىمۇ ـ قويمۇ؟ ئۆزىنىڭ تاللىماق ئەركى،
كېتەر بولدۇم ئۇنى تويغۇزغۇچە ھەم جۇدەپ، ۋاي داد .

مىنۇتتا يەتتە ـ سەككىز رەت ئېتەر ياد ئاغزى ئاللانى،
تائامدا بارچىدىن تەقۋا، ئۇنتۇماس «ئەئۇزۇبىللا»نى،
دىلى ئىنساپنى بىلمەسكەن، ئالاردا قەلبى لىللانى،
تۇرۇپ ماختايدۇ قۇرئاندەك ئۇلۇغلاپ پۇلنى ــ تىللانى،
ۋالاقلاپ كەچكىچە ھەم جىن شامالنى ئەزمىلەپ ، ۋاي داد .

يۇرەر ئالىم قىياپەتتە ناماز ئەھلى ئۆچۈن بىردەك،
تەرەتكە قوپار بولسا، قوپارمىز ھەممىمىز بىردەك،
تۇرار ئۇ ئورنىدىن چۈنكى توساتتىن ۋارقىراپ شىردەك،
توخۇ ئۆركۈپ قاچار ھەر يان، ئىرغاڭلاپ ھەمدە غاز، ئۆردەك،
قاچارغا مەنمۇ تەمشەلدىم بۇ ئۆيدىن نەچچىلەپ، ۋاي داد.

ئۈنىڭچۈن بىر تەرەتكە كېتەركەن ئىككى چۆگۈن سۇ،
دېدىم: «بۇ ھېچ نامازخاندا ئەزەلدىن كۆرمىگەن ئىشقۇ؟!»
ئۆزى تەنھا سىلىپ جەبىر، قورۇنى باشقا كىيدى ئۇ،
چىقىشتى قوشنىلار يۈگۈرۈپ، سوراشتى: «ئېيتىڭا كىم ئۇ؟»
بۇ ھال باغرىمدا دەردىمنى ئاشۇردى ھەسسىلەپ، ۋاي داد.

ئاڭا دۈشمەن كۆرۈندى، نە ئېتەي، بۇ ئۆيدە ئۈنئالغۇ،
سوغۇق ئامبارغا قوغلاندى دۇتار، تەمبۇر دېگەن چالغۇ،
بۇ ھالدا تېلېۋىزور كۆرمەك بۇ ئۆيدە تەركىي ئەھۋالغۇ،
دېدىم: «ئىنسان ئەمەس بۇ بىر، قىلىقى خۇددى ھايۋانغۇ»،
ئۆزۈمدە ئىختىيار بولسا بېرەتتىم يەم ـ ھەلەپ، ۋاي داد.


كېمىدە ئالتە تۈرلۈك ئىكتى، ئىچىپ ـ يەپ كەتتى تۆت ھەپتە،
بولۇپ جور داپقا ـ دۇمباقتا يۈرۈپ خەنجەرمۇ خىزمەتتە،
شىپادىن ھېچ دېرەك بولماي دادام ياتقاندا بىر چەتتە،
چىراغدا پاقلىنىم چۈشتى يەنە نەزىرگە بىر كەچتە،
تېخى تۇرغان ئىكەن ئاشۇ تويۇمغا چىش بىلەپ، ۋاي داد.

بۇ ئاغرىق «شىپا تاپتى» دەپ توساتتىن داپنى توختاتتى،
بولۇپ تۈرلۈك ھەققى ئۈچ يۈز كوي، بۇ ئايەت ئىشنى ئوخشاتتى،
ئانامۇ ئەمدى ھەسرەتتە ماڭا بىر باقتى، «ئۇھ» تارتتى،
دادام بىچارە ئۈنچىقماس، پېقىر غەم ـ قايغۇغا پاتتى،
كېتەرمۇ ساقىيىپ دادام سالامەتلىك تىلەپ، ۋاي داد.

ئىدەت توشماي تۇرۇپ، ئۆيگە كىشى كىرمەس ئىكەن يوقلاپ،
يوقالدى باخشىمۇ بۇندىن تۇگەل بىر ئاي قورساق توقلاپ،
يۈرەر كىملەرگە ئۇ ھىيلە ـ مىكىرنىڭ مىلتىقىن ئوقلاپ،
دادام ياتتى ھامان پەرھىز تۇتۇپ شۇ باخشىنى ساقلاپ،
لېكىن ئەھۋال ئېغىرلاشتى چىقار بولدۇم تۇنەپ، ۋاي داد .

جاھان بۇ ئەھلى كاززاپقا تالايلار ئالدىنىپ يۈرگەن،
لېكىن يوقتۇر بۇ دۇنيادا دادامدەك داغدا جان ئۈزگەن،
كاچاتلاڭلار مېنى ئاۋۋال شۇلارنىڭ دامىغا كۆنگەن،
يىراق يۈرگىن بۇرادەرلەر ئاشۇ نەس باخشىنى كۆرگەن،
يېقىلساڭ ئۆلگۈرەلمەسكەن سېنى ھېچكىم يۆلەپ، ۋاي داد .

1986 ـ يىل ماي، غۇلجا



# ناخشا ئېيتساڭ ياشلىقىڭدا ئېيت

ناخشا ئېيتساڭ ياشلىقىڭدا ئېيت،
ئاۋازىڭغا ئاشىق بۇ ئالەم .
باغلىرىڭنىڭ پەيزى كەتكەندە،
چىللىساڭمۇ كىرمەس ھېچ ئادەم .

ناخشا ئېيتساڭ ياشلىقىڭدا ئېيت،
ياشانغاندا كىشى تىڭشىماس .
ئەبجەق ھارۋا قىرىلىق دېگەن،
كېلىپ ئۇنى ھېچكىم ئوڭشىماس .

ناخشا ئېيتساڭ ياشلىقىڭدا ئېيت،
ياشانغاندا ھەسرىتىڭ بولماس .
نەدە دەريا كەينىگە ئاققان،
نەدە گۈل بار كەچ كۈزدە سولماس؟!

ياشلىق ئۆزى گۈزەل باھار، ياز،
بىراق ئۇنىڭ مەزگىلى قىسقا .
قىرىلىقنى «قۇت» دېگەنبىلەن،
ياز ئالدىدا ئوخشايدۇ قىشقا .

2000 ـ يىل يانۋار، غۇلجا

# سەن مەندەك بولالامسەن

(ساتىرا)

سەن مەندەك بولالامسەن،
دۆڭگە سۇ قويالامسەن؟
ئاناڭغا سويمىغان قوينى
باشلىققا سويالامسەن؟

قويغا ئۆزگىرەلەمسەن،
ئىتقا ئايلىنالامسەن؟
مەندەك ئەركىلەپ يۈرۈپ،
باشلىق سايلىنالامسەن؟

سەن مەندەك بولالامسەن،
كۆككە غادىيالامسەن؟
«بۇ ئىشلىك خاتا» دېسە،
شۇئان جايلىيالامسەن؟

ئاغزىڭدا شەھەر ئېلىپ،
بىر كۆتەك يارالامسەن؟
بېلىڭنى سىلاپ يۈرۈپ،
مۇكاپات ئالالامسەن؟

سەن مەندەك بولالامسەن،
غەيۋەتمۇ قىلالامسەن؟

ياخشىلارغا دەرد كەلسە،
چاۋاكمۇ چالالامسەن؟

قانچىلىك ھۈنەرۋەنسەن،
قاپقانمۇ قۇرالامسەن؟
ھەر دوستۇڭغا بەش ئورا
مەندەك كولىيالامسەن؟

سەن مەندەك بولالامسەن،
قىزلارنى تورالامسەن؟
دادىسى كېلىپ قالسا،
قورقماستىن ئۇرالامسەن؟

پايپاسلاپ سەتەڭلەرنىڭ
كەينىدىن ماڭالامسەن؟
ئەر يەتكەن بالاڭ تۇرۇپ،
ئاشنا ئوينىيالامسەن؟

سەن مەندەك بولالامسەن،
قاۋاقتا قونالامسەن؟
ساقچىلار كېلىپ قالسا،
مەندەك تېز تونالامسەن؟

يېتىمنى بوزەك ئەيلەپ،
يالغۇزنى ئۇرالامسەن؟
نوچىسى كېلىپ قالسا،
ئون تەزىم قىلالامسەن؟

سەن مەندەك بولالامسەن،
بازار باشقۇرالامسەن؟

ئون تېيىن چىقىم قىلماي،
كىگىز باستۇرالامسەن؟

سودىگەر بولالامسەن،
خەقنى كومىلىيالامسەن؟
داداڭ پۇل سوراپ قالسا،
شىردەك ھومىيالامسەن؟

سەن مەندەك بولالامسەن،
سۇتكە سۇ قوشالامسەن؟
خەقنىڭ مۈلكىنى، ئاستا
ئۆيۈڭگە توشالامسەن؟

ئالدىدا ئايالىڭنىڭ
مەندەك تىك تۇرالامسەن؟
كۈندۈزى تاماق ئېتىپ،
كەچتە كىر يۇيالامسەن؟

*　　*

سەن مەندەك بولالامسەن،
شۇنچە ئىش قىلالامسەن؟
بوران چىقسىمۇ ئون بال،
يىقىلماي تۇرالامسەن؟

1990 - يىل فېۋرال، غۇلجا

# ئۆلۈم يوق ئىنساننىڭ ئارزۇلىرىدا

ئالەمنىڭ ئالدىراپ تەل بولمىقى تەس،
كۆللەرگە سۇ تولسا، كۆلچەكلەردە غەم.
مارت ئېيى باھاردۇر، گۈلستان ئەمەس،
سەۋەبسىز ئەمەستۇر كىرپىكلەردە نەم.

يۇلغۇننى قايتىدىن كۆك سۈردى، دەيسەن،
ئۇنىڭمۇ ئۇششۇكتە ئۆلگەنلىرى بار.
ئاز ئەمەس قۇشلاردىن قالغانلار قىشلاپ،
ئۇنىڭمۇ ئايازغا كۆنگەنلىرى بار.

بولامدۇ تەسۋىنىڭ مونچاقلىرىدەك
يىللاردا بىر تەكشى ئايلار ۋە كۈنلەر؟
ئېگىز ـ پەس بەش بارماق بارچىگە مىسال،
گاھ مىسكىن، گاھ خۇرسەن شۇڭا كۆڭۈللەر.

يوق مېنىڭ ھاياتنى بوياپ كۆرسەتكۈم،
يۇرسەممۇ راست گەپتىن رىيازەت چېكىپ.
نە ئېتەي، كېتەردە ئاتام رەھمەتلىك
چىن سۆزلەپ ياشاشنى قويۇپتۇ جېكىپ.

رەڭگارەڭ ئادەملەر، رەڭگارەڭ دۇنيا،
قىسمەتسىز ھېچكىمنى كۆرمىدىم تېخى.

تىلەكلەر قانچە ئۇز ـ گۈزەل بولسمۇ،
بولمايدۇ قىلغىلى كۆنلەرنى سىخىي .

باراڭلار ئاستىدا قىزىيدۇ پاراڭ،
ناخشىلار يىقىملىق، ئۆلپەتلەر سەرخىل .
قەلبىگە قول سالساڭ شۇلارنىڭ، دوستۇم،
كەچمىشى مىڭ تۈرلۈك، ئويلىرى ھەر خىل .

ئۆلۈم يوق ئىنسانىنىڭ ئارزۇلىرىدا،
ياشايدۇ مىدىرلاپ دەردى بارلارمۇ .
تەكشىسىز دۇنيا بۇ، زېمىن ئېگىز ـ پەس،
سۆكۈتكە ئۆگەنگەن ئەرزى بارلارمۇ .

قايسىبىر چىغ تۈۋى توشقانىنىڭ جايى،
يارالغان ئەكسىچە خورازغا قونداق .
ھېچكىمدىن كۆرگۈم يوق ۋەجىنى ئۇنىڭ،
ئېھتىمال، ھاياتنىڭ مىزانى شۇنداق .

2000 ـ يىل مارت، غۇلجا

# ئارغامچىسى ئۇزۇن ئالەم بۇ

ئارغامچىسى ئۇزۇن ئالەم بۇ،
قويۇپ بىرەر ئۇزاق مەيلىڭگە.
غايىبانە كۆزەتتە ساڭا،
كىرىپ ئالماس ئەمما كەينىڭگە.

يىللار يەتمەس، قەرنەلەر يەتمەس
بىلمەك ئۈچۈن ياخشى - يامانىنى.
بۇغداي دېمە دۇنيانى تامام،
كۆرۈپ پەقەت بىرەر خامانىنى.

لاچىن ئەمەس ئۇچقاننىڭ بارى،
ھەر نەرسىنىڭ مەنزىل - چېكى بار.
نەدە بولغان قىرغاقسىز دېڭىز،
نەدە قىشنىڭ چەكسىزلىكى بار؟

ماختانغاننى كۆرسەڭ بىر كۈن،
مىنگەن ئېتى جىمدىن قاشاڭ.
ئەبجەق ئاندىن چۈشكەن ھارۋىسى،
قوغۇنلۇقى پىشماستىن ۋاشاڭ!

تىلەمچىگە نان بەرمىگەنلەر
تىلەپ يەيدۇ ھەر كۈنلۈكىنى.

زار يىغلايدۇ ئەركىلەر ئاخىر
تاپالماستىن ئەركىنلىكىنى .

قازان نەدە قايناپ توختىماس،
ئوچاق نەدە ئوتى ئۆچمىگەن!
چۆچۈپ كەتمە كەلكۈننى كۆرۈپ،
يۇلتۇز نەدە مەڭگۈ ئۆچمىگەن؟

ئارغامچىسى ئۈزۈن ئالەم بۇ،
بىلىپ قويغاي چالۋاقىغانلار .
تاڭلا بەلكىم بارچىدىن مۆمىن
بولار بۈگۈن غەلۋە قىلغانلار .

1992 ـ يىل ئاپرېل، غۇلجا



# ۋىجدان ۋەجدىن

(كىنايە)

ۋىجدان مېنىڭ ياقامنى سىقتى،
ۋىجدان مېنى بالاغا تىقتى .
مەن ۋىجداندىن نىجاتلىق كۈتسەم،
جىمى پېشكەل ۋىجداندىن چىقتى .

شۇڭا بىرى: «ئۇنداق ۋىجداننى
يوقات نېرى، سىتتۇۋەت!» دېدى .
«ساڭا ئوخشاش ‹ۋىجدان !› دېگەننىڭ
چىشلىرىنى چېقىۋەت!» دېدى .

ئايالىممۇ دېدى: «ۋىجدان دەپ،
قالمىدىغۇ كۆرمىگىنىڭىز!
بىر ئۇستىخان، بىر تېرە بولۇپ،
قالدى پەقەت ئۆلمىگىنىڭىز .

پۇلىڭىز يوق، ۋىجدانىڭىز بار،
كىم ۋىجدانىغا بەردى بىر نانىنى؟
ئاچ ـ توق يۈرەر باللىرىڭىز،
سىتتۇۋېتىڭ ئۇنداق ۋىجداننى! . . .»

شۇ گەپلەرگە چىداش ئاسانمۇ؟
ئۆلۈۋالاي دېسەم جان تاتلىق .

ئاسمان يىراق چىقىپ كەتمەككە،
كىرىپ كېتەي دېسەم يەر قاتتىق.

ماڭا كەسىپ تولىغۇ ئاخىر،
نان ساتىمەن، ۋىجدان ساتمايمەن.
قانداق كۆنەي ۋىجدانسىز ياشاپ،
قان ساتىمەن، ۋىجدان ساتمايمەن!

1992 ـ يىل ئىيۇل، غۇلجا

## خەقنىڭگىدە قونۇپ قالغان قىز

توختىكامنىڭ ئىشىك ئالدىدا
پەيدا بولۇپ قاپتۇ بىر بوۋاق .
مەھەللىگە پۈر كەتتى گەپ ـ سۆز ،
ئەل ئاغزىدىن ئېچىلدى تۇۋاق .

مەزىن بىلەن ئىككى ـ ئۈچەيلەن
كۆمۈپ قويۇپ كەلدى ئۇنىمۇ .
قەبرىلىمەي قىلدۇ قانداق ،
بۇنداق ئىشلار پەقەت شۇلىمۇ؟

يىقىندىلا تىنغان سۆز ـ چۆچەك
باش كۆتۈردى يەنە بۇگۈنمۇ .
«بىزگە بەكمۇ ئۇياتقۇ» دېدى ،
«چىقسا يەنە ئەتە ـ ئۆگۈنمۇ!»

بۇ ئىشقىمۇ ساقچى لازىممۇ ،
ئۆزى چۈشتى ئەل ـ يۇرت ئىزدەشكە .
مەھەللىدە ھەر قورۇ ، ھەر ئۆي
تولۇپ كەتتى سوئال ، ئۇندەشكە .

تەگەشمىگەن ئادەم قالمىدى ،
ھەر دوقمۇشتا ھەر دەم كوتۇلداش .

بېشى چۈشتى قىزى بارلارنىڭ،
قىزلىرىدا يەنە سوكۇلداش .

كىرمەيدىغان بولدى كوچىدىن
دېمىسمۇ تالاي ئوغۇل ـ قىز .
تۈندە قايتار ئۆيگە بىرلىرى،
بىرلىرىدىن قالدى خۇنۇك ئىز .

تېگىپ ئۆتتى گۇماننىڭ ئوقى
قىزلار تۈگۈل جۇۋانلارغىمۇ .
شۇبھىلەندى تۇل خوتۇنلاردىن،
ئاسماق بولدى تۇتۇپ دارغىمۇ .

سەتەڭلەرمۇ قالمىدى چەتتە،
تۇغۇپ تاشلاپ يۈرگەن دەپ شۇنداق .
قاچۇرىدۇ گۇمان ئىمانىنى،
بەلكىم ھەممە ئەمەستۇر ئۇنداق .

ئۇنى ئويلاپ، بۇنى ئەسلىشىپ،
يەنە كەلدى ئۇلار قىزلارغا .
كىچىلەردە شۇلاردىن قالغان
كۆزى چۈشتى كونا ئىزلارغا .

كەلدى ئۇچۇر دوختۇرخانىدىن،
دېمەك، ئاخىر يېشىلدى گۇمان .
كۆلەڭگىنى كۆمۈپ بولامدۇ،
يەلپۈگەنگە تارقامدۇ تۇمان!؟

بوۋىقنى تاشلىغان بىلەن،
ئاغرىقنى بولامدۇ تاشلاپ؟

دېمەك، ئۇنى دوختۇرخانىغا
بارغانىكەن ئاغرىقى باشلاپ .

بولۇپ چىقتى بوۋاق ئانىسى
بالىنىسدا يېتىپ قالغان قىز .
ئاقۋەتتە شۇنداق بولاركەن،
خەقنىڭكىدە قونۇپ قالغان قىز .

2000 ـ يىلى ئاپرېل، غۇلجا



## مەن سەۋدايى بولۇپ قاپتىمەن

بالىجانلىق بولۇپ قاپتىمەن،
ئانىجانلىق بولۇپ قاپتىمەن .
شۇڭا، ئانام كۆز يۇمغان كۈنى
قەبرىستاندا قونۇپ قاپتىمەن .

ئانا بولماي، بالىلار نەدە؟
شۇڭا، پەرياد ئۇرۇپ قاپتىمەن .
ئەگىز سۈيى تولغان گوداڭدەك،
ھەسرەتلەرگە تولۇپ قاپتىمەن .

ئانام كەتتى — كەچ كۈزۈم كەلدى،
قوراي كەبى قۇرۇپ قاپتىمەن .
ئانام كەتتى — كۆيدى خامىنىم،
دۆڭدىن شىۋاق ئورۇپ قاپتىمەن .

سۈت ئورنىغا ئەمدى ئالدىمدا
كۈندە داغ سۇ كۆرۈپ قاپتىمەن .
قازانلاردا قايناق سۇ ئىدىم،
ئەمدى بىردىن سوۋۇپ قاپتىمەن .

ئانام كەتتى — يىتتى بايلىقىم،
يوقسۇل كەبى سولۇپ قاپتىمەن .

تۆگە سويماق بولۇپ يۈرگەنتىم،
قۇرۇق ياغاچ يونۇپ قاپتىمەن.

كىملەرگىدۇر ئانام چېغى دەپ،
قوللىرىمنى سۇنۇپ قاپتىمەن.
يىغلىۋەتتىم، ئەمەس ئىكەن دەپ،
چۈنكى خاتا تونۇپ قاپتىمەن.

كوچىلاردا ياتتى، دېمەڭلار،
سامان تەقلىد سۇنۇپ قاپتىمەن.
ئانام كەتتى — ئامتىم كەتتى،
بۇ دۇنيادىن تويۇپ قاپتىمەن.

غازاڭ تۆككەن دەرەخ تۈۋىدە
ساراڭلاردەك تۇرۇپ قاپتىمەن.
سىزمۇ شۇنداق بولغانمۇ، دوستۇم،
مەن سەۋدايى بولۇپ قاپتىمەن.

1992 - يىل سېنتەبىر، غۇلجا



# شېرىن خىيال كىمدە يوق

خىيالىمدا خان بولدۇم، خىيالىمدا ۋەزىرمەن،
خىياللىرىم خىلمۇخىل، خىيالىمدا خىزىرمەن،
لەۋلىرىمنى تەمشىيمەن خىياللاردەك بولالماي،
جايىم ئەسكى ئويۇقتا، چۈنكى پۇچۇق ھېجىرمەن .

مېنىڭدىنمۇ سۇ ئىچكەن بىچارىلەر بار تېخى،
ئۆستەڭ سۈيى بولمىسا، غەنىيمەتقۇ يامغۇرمۇ؟!
قىلماسلىققا قانائەت بولمايدىكەن ئاچلىقتا،
گۆش بولمىغان ئېشىڭدا غەنىيمەتقۇ چامغۇرمۇ؟!

كۆنەلمىدىم شۇكۇرگە بىراق، دوستۇم، شۇندىمۇ،
شۇڭا مېنىڭ بېشىمنى چۇلغىۋالدى خىياللار .
كەم دېگەندە مېنىڭمۇ جانان چىنە بولغۇم بار،
تورىۋالدى يولۇمنى دۆۋە ـ دۆۋە سوئاللار .

خىياللارنىڭ ئاتىسى ئارزۇ ئىكەن ئويلىسام،
تۇغۇلماپتۇ ئارزۇسىز بىرمۇ ئادەم جاھانغا .
شۇڭا بەلكىم سۆرەرمەن مەنمۇ شېرىن خىياللار،
خىياللىرىم قىزىل چەش، رايىم يوقتۇر سامانغا .

بىر كەپتىمەن دۇنياغا، غۇربەت ئۆتۈپ كەتكۈم يوق،
مەي ئىچمىسەم بولغايمۇ مەنمۇ بىر جام تولدۇرۇپ .


ئوگشايمەن دەپ ئەسكىنى ئىسىم كەتتى قانچە رەت،
تويۇپ كەتتىم بۇ جاندىن ئەسكى تامدا ئولتۇرۇپ .

تىنماي چىققان بورانلار ئۆرۈۋەتتى كەپەمنى،
بەلكىم شۇندىن تۇغۇلدى بىنالارنىڭ خىيالى .
خىياللارنىڭ چېكى يوق، خىياللارنىڭ ئۆلچىمى،
بەلكىم مېنىڭ سۆرگىنىم خىياللارنىڭ قىيامى .

شېرىن خىيال كىمدە يوق، كىم كۆرمەيدۇ شېرىن چۈش،
بىچارىدە مېنىڭدەك خىيال قۇمدەك بولمامدۇ؟
قاي چوققىدا راھەت بار، شۇ چوققىدا خىيالىم،
راست گېپىمنى ئېيتمىسام، مېنى خۇدا ئۇرمامدۇ؟

تاتلىق چۈشكە ئايلىنار شېرىن خىيال بەزىدە،
ئوگشالغاندا چۈشلىرىم، ئوگشىلىدۇ ئىشلىرىم .
ئوگغا تارتقان چۈشلەرنى كۆپ كۆرگەنغۇ ئادەملەر،
ئۇختىسىغا كەپقالسا ئەجەب ئەمەس چۈشلىرىم !

2000 ـ يىل ئىيۇن، غۇلجا



# ياتلاشتۇق

(مۇخەممەس)

يامان كۆنلەردە تۇغقانتۇق، روناق تاپقاندا ياتلاشتۇق،
پالاستىن تەستە ئايرىلساق، كىگىز باسقاندا ياتلاشتۇق،
سارايلار بۇزدىمۇ بىزنى، گىلەم ئاسقاندا ياتلاشتۇق،
تامام ئۇنتۇلدى ھەم زاغرا، توقاچ ياققاندا ياتلاشتۇق،
ئۇچۇپ چىقتۇق دېسەك كۆككە، قانات قاققاندا ياتلاشتۇق.

تىزىق مونچاق ئىدۇق بىزلەر ئانام بويىندىكى گويا،
سۈزۈك ئالما ئىدۇق بەشتال ئاتام قويىندىكى گويا،
ئۇچار قۇشلار ئىدۇق ھەمدە ئاشۇ ھويلىدىكى گويا،
تۇگەل لەگمەن ئىدۇق ياكى كۈمۈش چويلىدىكى گويا،
بىراق بىزنى جاھان ھەر يان ئۈزۈپ تارتقاندا ياتلاشتۇق.

ئوتتۇن تەرگەن ئىدۇق بىر چاغ يۇرۇپ جاڭگالدىمۇ بىللە،
بوران چىقسا ماكان ئەتكەن ئىدۇق ئازگالدىمۇ بىللە،
ئېكىن ئەتتۇق چىپىپ كەتمەن چېقىپ داڭگالنىمۇ بىللە،
باراتتا بىللە بولغانتۇق، ئېيتىپ رامزاننىمۇ بىللە،
چىرايلىق ئۆي تۇتۇپ، ئەمدى ئوتتۇن يارغاندا ياتلاشتۇق.

ئانام كەتتى بىرەر ئۆيدە تۇزۇك تۆت كۈن قارالماستىن،
ئېلىندى تاختىغا نانلار، ئازابلاندى سورالماستىن،

دادامنى مەنمۇ كەتكۈزدۇم بىرەر ئۇغلاق سويالماستىن،
مىراس ماجىراسىغا چۈشتۇق تېخى قىلچە ئۇيالماستىن،
شۇلار ھەسرەت بىلەن ئىمجان تىنىپ ياتقاندا ياتلاشتۇق .

زۆرۈر بولسا، مالاي قىلدۇق — شۇلارغا نەۋرە باققۇزدۇق،
كېلىنلەر چاچ سوقۇپ يۇردى، شۇلارغا ناننى ياققۇزدۇق،
تېزەك يىغقاننى ئاز كۆرۈپ، شۇلارغا ئۆچكە ساغقۇزدۇق،
تېخى غالۋارىدۇق بەزەن، جاھاندا يوقنى تاپقۇزدۇق،
باقار چاغدا باھانە كۆپ، بەدەر قاچقاندا ياتلاشتۇق .

ئاتا كەتتى، ئانا كەتتى، دېمەك، بىزدىنمۇ ياز كەتتى،
قېرىنداشلىق بىناسىنىڭ يامان يېرىگە دەز كەتتى،
ئىچەرگە ئاش، كىيەرگە تون، چالارغا بىللە ساز كەتتى،
ئارىدىن سەلتەنەت تاجى — ئاجايىپ ئىمتىياز كەتتى،
شۇلار كەتتى، يوغان ھويلا غېرىب قالغاندا ياتلاشتۇق .

ئۇزاق ئۆتمەي سۆكۈت يۈتتى، مىراس ۋەجىدە گەپ چىقتى،
بىرى ئەلچى قويۇپ ئاستا، بىرى ئاشكارا دەپ چىقتى،
بىرىدە يەڭ شىمايلاغلىق، بىرى چەيدو بىلەپ چىقتى،
ئازازۇل نەپسىمىز ئاخىر جىمى ئىشنى سۆرەپ چىقتى،
قىرىق يىللىق قېرىنداشلار مىراس ئالغاندا ياتلاشتۇق .

شۇنىڭدىن بېرىكى كۈنلەر ئۆتەر ھېچكىمنى خۇش قىلماي،
قويامدۇ غۇم - ئاداۋەتلەر ئارىدا يازنى قىش قىلماي؟!
تىنىقتىنمۇ تولا «كوت - كوت»، كېسەكنى كەلدى خىش قىلماي،
يۇرەر شەيتان توشۇپ گەپ - سۆز، ئۇنىڭدىن ئۆزگە ئىش قىلماي،
نىزا گۈلخانلىرى دىلدا كۆيۈپ يانغاندا ياتلاشتۇق .


خوتۇنلار پادىشاھ بولدى سىنى پەللەپ، مىنى پەللەپ،
خوتۇنلارغا «خوتۇن» بولدۇق، ئېغىز ئاچساق، قوپار «سەن!» لەپ،

كىلىنلەر بىر چىنە چاينى ماڭا بەرگەن بىلەن دەملەپ،
ئاتار كەينىمدە غەيۋەتنىڭ يەنە ئوقيارىنى دەللەپ،
شۇلارنىڭ كەينىدىن بىزمۇ تۇگەل چاپقاندا ياتلاشتۇق .

ئۆگەندۇق ئەرزىمەس ئىشقا تۇرۇپ قېيداش، يامانلاشنى،
ئۆتەرمىز ئۇچرىشىپ قالساق، ئارانلا لىڭشىتىپ باشنى،
قېرىنداشلىقنى كىم بىلگەن بۇ خىل ئاسان تاماملاشنى،
نىزادا ئۆتتى ھېيت ـ ئايەم قىلالماي جەم قېرىنداشنى،
ئىناقتۇق كەپىدە، تووۋا، ساراي سالغاندا ياتلاشتۇق .

قېرىنداش بوپ يارالغانلار تامام بىزدەكمىدۇ، دەيمەن،
قۇيۇنلار قۇترىغان ياكى دالا ـ تۈزدەكمىدۇ، دەيمەن،
بېغىدا ھېچ باھار، ياز يوق، خازان كۈزدەكمىدۇ، دەيمەن،
دىلىدا قىلچە ئاپتاپ يوق، سۆزى مۇزدەكمىدۇ، دەيمەن،
يۇمۇپ كۆز بارچە نۇقساندىن ـ تۈگەل تانغاندا ياتلاشتۇق .

1992 ـ يىل 11 ـ ئاي، غۇلجا



## باللار

بىز كۆيگەندەك كۆيەمدىكىن باللار،
بىزنى بىزدەك سۆيەمدىكىن باللار؟
ئەجىر قىلدۇق، ئەجىر دېگەن ئۇلۇغ دەپ،
شۇ ئەجىرنى تۆلەمدىكىن باللار؟

بالا دېسە بېرىپ كەلدۇق جىمنى،
كەپتەر باقسا توشۇپ بەردۇق دېننى.
ئۆي ئايرىسا سوقۇپ بەردۇق تېمنى،
شۇ ئىشلارنى بىلەمدىكىن باللار؟

ھەيدەپ بەردۇق زىغىر، قوناق، كۇزگىمۇ،
(ئىپتىمسامۇ بۇ ئىش مەلۇم سىزگىمۇ).
جاھان تۇتۇپ بىر كۇنلىرى، بىزگىمۇ
بىز بەرگەندەك بېرەمدىكىن باللار؟

قىرغا كەتتى قىزلىرىمدىن بىرى يەپ،
كەتتى ئوغلۇم «نەگە؟» دېسە، «ئوۋغا!» دەپ.
يىراقلاردىن تەلمۈرىمىز ھەپتىلەپ،
سېغىنغاندا كېلەمدىكىن باللار؟

قاداپ بەردۇق چىنلىرى چىقلىسا،
تىكىپ بەردۇق ئۇستىۋېشى يىرتىلسا.

يۆلەپ قويدۇق، ئىچىپ كېلىپ يىقىلسا،
بىزنى شۇنداق يۆلەمدىكىن بالىلار؟

ياشاپ كەلدۇق مىڭ تىرىلىپ، مىڭ ئۆلۈپ،
گاھ يىللىرى ئون يىغلىساق، بىر كۈلۈپ.
مۇشەققەتنىڭ ئوتلىرىدا ئۆرتىلىپ،
بىز كۆنگەنگە كۆنەمدىكىن بالىلار؟

سۇغارماستىن سايە بەرگەن سېدىنى،
ئويلىماستىن بىزدەك باغرى زېدىنى ؛
ئېلىپ قالسا ئەمما پۇلنىڭ ھىدىنى،
يېنىمىزدا ئۈنەمدىكىن بالىلار؟

بەزىلەر بار، «ھاي!» دېسەكمۇ تىڭشىماي،
يۈرمەكتىدۇر ئۆز يولىنى ئوڭشىماي.
قانداق قىلسۇن ئاتا ـ ئانا غىڭشىماي،
«ئاق»نى چېكىپ ئۆلەمدىكىن بالىلار؟

كۆك ئاسماندىن كۆڭلى يەرگە چۈشەلمەي،
كۆرۈپ تۇرۇپ ھالىمىزنى چۈشەنمەي؛
بىز ئۆرۈگەن يانچۇقلارغا ئىشەنمەي،
ئۆزى كېلىپ ئۆرەمدىكىن بالىلار؟

ئۇلار بىزنى «ئۆل!» دەمدىكىن، بىلمىدۇق،
ئۇلار بىزنى «قۇل» دەمدىكىن، بىلمىدۇق ؛
ئۇلار بىزنى «پۇل» دەمدىكىن، بىلمىدۇق،
ئۆلسەك ھۇزۇر سۈرەمدىكىن بالىلار.

تالاي قىزلار تۇگەشتىغۇ پۇلنى دەپ،
ئالۋاستىغا ئەگەشتىغۇ پۇلنى دەپ ؛

يامانلارغا يۆگەشتىغۇ پۇلنى دەپ،
شۇنى يامان دېمەمدىكىن باللار؟

مودا دېسە ئاشۇ قىزلار دۇم چۈشتى،
مەيخانىدا مەست بولغۇچە مەي ئىچتى.
ئېيتىڭلارچۇ، مودا كىيىپ كىم ئۇچتى،
يالىڭاچمۇ يۈرەمدىكىن باللار؟

بىزنى گاداي قىلىۋەتتى تويلىرى،
ھەشەمەتتۇر تامام خىيال - ئويلىرى.
ئۇنىمساق تۇتۇپ قالار خۇيلىرى،
ياخشى گەپكە كىرەمدىكىن باللار؟

بىقىپ بەردۇق بالىسىنى نەۋرە دەپ،
بىر جاسارەت بولغاچ بىزدە «سەبرە» دەپ؛
قارىمدۇق ئۇنى جاپا - جەبرە دەپ،
بىزدىن رازى بولامدىكىن باللار؟

رىزقىڭ بىزدىن بولىۋەرمەس لوق دېسەك،
ئۆز چوتۇڭنى شۇڭا ئۆزۈڭ سوق دېسەك؛
ئەمدى ساڭا بېرەرىمىز يوق دېسەك،
گېلىمىزدىن سۆرەمدىكىن باللار؟

قەدىمدە رېستورانلار كۆزلەنسە،
ئەل ئاغزىدا يامانلىقى سۆزلەنسە؛
ھەشەمەتتە نامراتلىقا يۈزلەنسە،
يەنە بىزدىن كۆرەمدىكىن باللار؟

بىقىپ قويدۇق يۇرت بالىسى بولسۇن دەپ،
پەرۋىش قىلدۇق گۈل - لالىسى بولسۇن دەپ؛

ئاغرىپ قالساق بىزدىن رازى بولسۇن دەپ،
بېشىمىزدا تۈنەمدىكىن باللار؟

مەيلى ئۆتسۇن ئۇلار بىزنى جەبىرلەپ،
ئۆلۈپ كەتسەك قويار ئەمما قەبرىلەپ.
قەبرىمىزگە شۇنداقتىمۇ قەدىرلەپ،
قىزىلگۈللەر تېرەمدىكىن باللار؟

2000 ـ يىل 25 ـ ئىيۇن، غۇلجا



# ئەتە گەرچە تىرىك بولساممۇ . . .

ياشاش ئۈچۈن كەلدۇق دۇنياغا،
لېكىن ئۆلۈم پايلاقتا دائىم .
ساڭا بەزمە بولغان كۈن، دوستۇم،
ماڭا بەلكىم قىيامەت قايىم .

ئارزۇلاردەك بولغايمۇ هايات،
كىم بىلىدۇ پەللىمىز نەدە؟
شۇڭا ئەتە تىرىك بولساممۇ،
«خوش!» ئېيتىمەن بۈگۈن مەشەدە .

يا سەن بالدۇر، يا مەن ئىلگىرى،
كۆز يۇممىز هامان بىر كۈنى .
يىغىسى بار جاهان دېگەنىنىڭ،
شەرت قىلمايدۇ مەڭگۈ كۈلكىنى .

كەچۈر، دوستۇم، كەچۈردۇم مەنمۇ،
ياخشى ـ يامان دېيىشكەن بولساق .
كەتكەندىمۇ شۇنداق كېتەيلى،
بۇرۇن قانداق يۇرۇشكەن بولساق!

1993 ـ يىل نويابىر، غۇلجا

# يېڭى يىل لىرىكىلىرى

## جىمىپ كېتەي دەپ باقتىم . . .

جىمىپ كېتەي دەپ باقتىم، بولالمىدىم جىم لېكىن،
سەنسىز چۈنكى مەن ئۇنداق رايىشلىققا كۆنمىدىم .
سېغىنىشتا يۈرىمەن سەۋدايىغا ئايلىنىپ،
تۆمەن شۈكۈر، ھېلىمۇ كۆيۈپ يۈرۈپ ئۆلمىدىم .

ئۇنتۇپ كېتەي دەپ باقتىم، ئۇنتالمىدىم مەن سېنى،
ئاسىيلىقكەن، ئويلىسام، ئۇنتۇش دېگەن يارىنى .
كەلدىمىكىن دەپ سېنى قاراپتىمەن روجەكتىن،
شامال كېلىپ سۈپۈرسە ئىشىكىمنىڭ قارىنى .

باشقىچە بىر ئىش ئىكەن، ئەمدى بىلدىم، ئاشىقلىق،
ئاشناچىلىق ئەمەس بۇ يارى تۇرۇپ يار تۇتقان .
تاشلىۋەتكەن بولامدىم تەڭرى بەرگەن تەلەيىنى،
قايسى ئانا ئالەمدە ماڭا سەندەك يار تۇغقان؟!

ئۇخلىماستىن تاڭغىچە ناخشا ئېيتىپ چىققانلار،
چىنپۇتمىسەڭ تىڭشاپ باق، قوشىقىدا «يار» دەيدۇ .
كىرەلمەستىن بېغىڭغا مەنمۇ شۇنداق زارلايمەن ،
بىرلىرىدىن ئاڭلىسام، «يار ئىشكى تار» دەيدۇ .

جىمىپ كېتەي دەپ باقتىم، بولالمىدىم جىم لېكىن،
بولۇپ باقتىم تەسەللى جايىنامازدىن تاپماقمۇ،
تاپمايدىكەن تىنچلىق ئەمما سەنسىز بۇ كۆڭۈل،
ئازاب بولدى كۈنسېرى سەنسىز يالغۇز ياتماقمۇ.

كېچىپ كېتەي دەپ باقتىم، يىغلىۋەتتىم شۇ هامان،
سەندىن كەچسەم، شۇ ئىكەن تۆكۈلگىنى يۈزۈمنىڭ.
سۆزلەپ تۇرۇپ ۋاپانى شۇ ۋىسالغا يەتكۈچە،
كەچسەم ئىقسپ كەتمەمدۇ قارىچۇقلىرى كۆزۈمنىڭ؟

يېتىپ قالساڭ يادىمغا، ئايلىنىمەن يانغىنغا،
بۇ يانغىنغا ئاسماننىڭ سۇ چاچقىنى كار قىلماس.
يىغلاپ ـ يىغلاپ ئاخىرى توختايدىغان جاهانكەن،
مېنى تەڭرىم سەن ئۈچۈن مەڭگۇ مۇنداق زار قىلماس.

تەرك ئەتمەك تەس بولدى سېنى كۆرمەي دۇنيانى،
چۈشۈمدىمۇ سەن بولدۇڭ تاڭ ئاتقۇچە كۆرگىنىم.
كېچەلمىدىم ئاخىرى، سەۋەبىنى بىلىپ قال:
يىگىتلىك دەپ سانالدى بۇ هىجرانغا كۆنگىنىم.

## بولدى كۆزۈم ئىشكتە

يېڭى يىللىق قەدەھكە يەتمەيدىكەن قەدەھلەر،
يېڭى يىللىق قەدەھنىڭ قەدىردانى مەن، گۈلۈم.
مەي ئىچكەندەك بولمايمەن نېمىشقىدۇر پىراقتا،
يېڭى يىللىق سورۇندا كۆرۈنمىسەڭ سەن، گۈلۈم.

هارپا كۈنى دۇنيانىڭ تۆت چېتىگە بويلايمەن،
«مېنىڭ گۈلۈم گۈل تۇتۇپ قايسى ياقتىن كېلەر؟» دەپ.
«ئولتۇرامدۇ پەيتۇندا ياكى ئۇچۇپ كېلەمدۇ،
ئاتتا كەلسە مۇبادا، قانداق تۇلپار مىنەر؟» دەپ.

كېلەر يىلى كېلۇر دەپ كەلدىم سېنى ھەر يىلى،
«يارىڭ قاچان كېلۇر؟» دەپ كىم سورىسا شۇنىڭغا .
يەنە بىرى يېڭىدىن كېلىپ قاپتۇ يىللارنىڭ،
سەن كەلمىسەڭ بۈگۈنمۇ، نېمە دەيمەن ئۇنىڭغا؟

بىر ھۇجرىغا جەم بولۇپ تۈمەن ئاشىق ـ مەشۇقلار،
يېڭى يىلدا مەرىكە — توي قىلغاننى كۆرگەنسەن؟!
كىم بىلىدۇ، شۇ ئاخشام تەنھالىقتا كۆنەلمەي،
خەتلىرىمنى ئۆزۈڭمۇ يېنىپ ـ يېنىپ سۆيگەنسەن؟!

جىمى جايدا جاراڭلار يېڭى يىللىق قەدەھلەر،
يايرايدىكەن شۇندىمۇ جۈپتى بارلار باشقىچە .
ئوڭ يېنىمنى سەن ئۈچۈن شۇڭا ئەتەي بوش قويدۇم،
بولدى كۆزۈم ئىشكتە تۈن يېرىمدىن ئاشقىچە .

بىر يېنىمدا ئولتۇرساڭ تەڭرى ئۆزى قوشقاندەك،
خوپ بولماتتى جاھانغا بىزدىن ۋىسال كۆرۈنسە؟
چۈمۈلمەمتى شەرەپكە تارىخىمىز، بىزدىكى
ئالبومىدىن سۆيگۈنىڭ يەنە بىر بەت ئۆرۈلسە؟!

دالىلارنى قار باسقان، ئەمدى قۇشلار نە قىلسۇن،
ئاۋازىنى شۇلارنىڭ ئاۋازىڭ دەپ بىلەتتىم .
سىنتەبىردە تارتىشىپ، شۇڭا باقتىم كەينىمگە،
جامالىڭنى، مەشۇقۇم، چۈنكى يازدىن كۆرەتتىم .

جۇدالىقتا سۇكۇتكە كۆنۈپ قالغان ئوخشايمەن،
كەلمىسەڭمۇ شۇ تاڭنى ئاتقۇزىمەن ئەلەمدە .
ئېغىز ئېچىپ بولامدۇ بىراۋلارغا دەردىمدىن،
يەتكۈزىمەن خەت يېزىپ بىر ئۆزۈڭگە قەلەمدە .

مەرىكىلەرنىڭ چوڭى دەپ، يېڭى يىلنى ئاخىرى
ئاتاپ قويدۇم سەن بىلەن بولۇنغۇسى دىدارغا .

قار ئاستىدا ياتسىمۇ ئۇيقۇدىكى داللار،
سەن بار سورۇن، كەل گۈلۈم، ئايلىنىدۇ گۈلزارغا .

## رەستىلەرگە چىقىپسەن

سەن توغرۇلۇق تۈنۈگۈن پاراڭ بوپتۇ رەستىدە،
مەن توغرۇلۇق نېمىشقا ئۇلار ئېغىز ئاچمايدۇ؟
سەن بار يەردە مەن بارغۇ، بىلىپ تۇرۇپ بارىمنى،
ساڭا چاچقان چاچقۇنى ماڭا نېچۈن چاچمايدۇ؟

ماختىنىپتۇ بىرلىرى سېنىڭ بىلەن كېرىلىپ،
قاچان بولۇپ قالغانتىڭ سەن شۇلارنىڭ يېقىنى؟
مەن قىزغىنىپ يار سېنى، باقماي يۈرسەم شۇلارغا،
قويغانىمدىڭ كۆرستىپ سەن چىشىڭنىڭ ئېقىنى؟

كۆڭۈل بەرمە ئۇلارغا، ئۇلار ھەرگىز مېنىڭدەك
كۈن چۈشكەندە بېشىڭغا قوراي ئورۇپ بەرمەيدۇ .
تاشلاپ كېتەر گەمگە، ساراي ئىزدەپ ئۆزلىرى،
ئىڭىزلاردا سەن بىلەن بىللە باشاق تەرمەيدۇ .

تەگرى بەرگەن ھاياتنى تەڭ ماڭمايدۇ سەن بىلەن،
سۆيگۈدىمۇ، سەزگەنسەن، ساداقتى گۇمانلىق .
قويۇپ تۇرسام ھەر دائىم قۇلىقىڭغا جىمنى،
مەن يوق يەردە سەن يەنە سورىشىپسەن ئامانلىق .

يەپ چىقىپتۇ ئاڭلىسام، ئالما، ئۆرۈك بېغىڭدىن،
مەن تۇرغاندا شۇلارنى چىللىغىنىڭ راستىمدۇ؟
دۇشمەنىڭغۇ ئەزەلدىن تاپمايدىغان گېپى يوق،
مېنى شۇلار ئالدىدا تىللىغىنىڭ راستىمدۇ؟

شۇلار تارتسا ئۇسسۇلغا يۈگۈرۈپ قوپۇپ ئويناپسەن،
رەقىبلىرىم شاد ئىكەن كەلتۈردۇق دەپ ئىندەككە .
گاھ ئۆزۈمنى بەزلەيمەن تەقدىر ھۆكمى شۇنداق دەپ،
ماڭارسەنمۇ «يۈر!» دېسە، شۇلار سوققان كۆزلەككە .

رەستىلەرگە چىقىپسەن، قىينىق ئوسما قىشىڭدا،
يۈرگىنىڭنى كىيىكتەك جىمى ئىنسان كۆرۈپتۇ .
يەرگە چۈشكەن ئاي بولۇپ كۆرۈنگەندە رۇخسارىڭ،
بىرى بىھوش، بىرلىرى سېنى ئەگىپ يۈرۈپتۇ .

ئىچ ـ ئىچىمگە ئوت كەتتى ئاڭلىغاندا شۇلارنى،
مۇشكۈل ئىكەن راستمۇ دەپ يىغۋاشتىن سورىماق .
ئىچ ـ ئىچىمدىن تۆگەشكەن بۇ سۆيگۈدە مەن پەقەت،
قازىنىدا ھەسرەتنىڭ بوپسەن مېنى قورۇماق .

پەرەنجىگە ئۆچ ئىدىم، ئەمما بۈگۈن نېچۈندۇر
ئارتماپتۇ دەپ پەرەنجە، ساڭا قاتتىق كايىدىم .
ئۆلۈپ ئالاي دېگەنتىم كۈندەشلىكنىڭ دەستىدىن،
ئايىسامۇ ئۆزۈمنى، پەقەت سەنچۈن ئايىدىم .

تارقىتىدۇ يالغان گەپ شۇلار سېنى يارىم دەپ،
كۆرۈشمەككە قول سۇنسا، تۇتقۇزمىغىن قولۇڭنى .
يەرگە قاراپ ئۆتۈپ كەت مەن توغرۇلۇق گەپ ئاچسا،
مېڭىۋەرگىن توختىماي خىزىر بەرگەن يولۇڭنى .

كىتاب ـ دەستۇر ئەمەسمەن ساڭا ئەقىل بېرەرگە،
ناداندۇرمەن ئالدىڭدا، دانالىقنى بىلمەيمەن .
بۇيرۇپ يۈرمە ئەيىبكە بىچارەڭنى شۇندىمۇ،
مەن كۈنلىسەم، ئەلۋەتتە، ئۆز يارىمنى كۈنلەيمەن .

كۆلۈپ يۈرمە قوشۇلۇپ، كۈلگۈەرسۇن ئۆزلىرى،
ناخشا ئېيتساڭ يالغۇز ئېيت، ئاشۇلارغا قېتىلما .
ئەمىن تاپسۇن بۇ كۆڭلۈم، ئىرادەڭدىن ئۈچۈر بەر،
پەقەت مېنىڭ گۈلۈم سەن، ئۆزگىلەرگە ئېچىلما .

كۆرۈنمىسەڭ ياخشى گەر كوچىلاردا شۇلارغا،
مەنلا بولاي كۆڭلۈڭدە، باشقىلارغا باقمىغىن .
مەيلى دەيمەن كۈل بولسام، مەنلا كۆيەي ئوتۇڭدا،
چوغ كۆتۈرۈپ شۇ ئوتنى ئۆزگىلەرگە ياقمىغىن!

## سەن يازغان خەتلەر

سەن يازغان خەتلەردە خەتەر نە قىلسۇن؟
«ۋاپاسىز» دېگەنلەر دۈشمەننىڭ گېپى .
بىزدىكى سۆيگۈنى ئۇلار نە بىلسۇن؟
يوق بىزدە ئەزەلدىن ۋاپانىڭ چېكى .

كۈتىمەن سېنىڭدىن ھەر كۈنى بىر خەت،
بىلەمسەن، ئاز ماڭا ئايدا يازغىنىڭ .
ئاز يازساڭ يازدىڭكى، تۈمەنمىڭ شۈكۈر،
ھېلىمۇ يوق سېنىڭ يولدىن ئازغىنىڭ .

مەن ئۆچۈن مۇدەررىس سەن يازغان خەتلەر،
مەن يارنى سۆيۈشنى ئۆگەندىم سەندىن .
دىدارسىز ھىجرانغا غەمخانە ئىدىم،
سەن يازغان خەت بىلەن قۇتۇلدۇم غەمدىن .

يېزىپسەن، ئايلىناي، شۇ خەتلىرىڭدە
ئېيتمىغان گەپلەرنى كۆرۈشكەندىمۇ .

قۇرلارغا تۆكۈلۈپ كەلدى شۇ پېتى
تۆكمىگەن سىرلىرىڭ سۆيۈشكەندىمۇ .

«سېغىندىم» دېگەننى ئاغزىڭدىن ئەمەس،
ئاڭلىدىم تۈنجى رەت خېتىڭدىن پەقەت .
پىچىرلاپ تۇرغاندەك قىلسەن «سۆي!» دەپ،
ئوقۇسام، سەندىمۇ تۈگەپتۇ تاقەت .

سەن يازغان خەتلەرگە باغلىنىپ قالدىم،
خېتىڭنىڭ ھەر قۇرى زەنجىرۇ ئارقان .
سەن يازغان خەتلەردىن ئالدىم قولۇمغا
ئىنغۇاغا قىلىچ ـ تىغ، ئۆسەككە قالقان .

سەن يازغان خەتلەردىن بېشىم ئاسماندا،
«ياخشىنىڭ يارى!» دەپ قۇتلىماقتا ئەل .
يوقالدى نەگىدۇر گادايلىقلىرىم،
سەن يازغان خەتلەردىن بولدى مۈلكۈم تەل .

يېزىپتۇر مەشۇقۇم شۇنداق خەتلەرنى،
تون بىلەن تاج ماڭا سەن يازغان خەتلەر .
سەن يازغان خەتلەردىن يېقىنلاپ ۋىسال،
يىراقلار مېنىڭدىن ھىجرانۇ دەردلەر .

## كەل

كېلەر بولساڭ ئەمدى يار، كەتمەيدىغان بولۇپ كەل،
ئەڭ بولمىسا، بىر ئاخشام كەچلەيدىغان بولۇپ كەل .
تۆرەلگەنمىز ۋاپادىن، شۈبھىلەرگە نە ھاجەت،
جاندىن كەچسەڭ، مېنىڭدىن كەچمەيدىغان بولۇپ كەل .

ياغلىق بولسۇن قولۇڭدا كۆز يېشمنى سۈرتكىلى،
مېنى ئالداپ يالغان ئاش ئەتمەيدىغان بولۇپ كەل .
بىللە چاپقان ئۆستەڭنىڭ ھېكايىسى ئۇنتۇلماس،
بۇ كۈنلەرنى تا مەڭگۈ ئەسلەيدىغان بولۇپ كەل .

بىللە چېچىپ ئۇرۇقنى ئېتىزىغا جۈپلۈكنىڭ،
بىللە يەنە خامانلار چەشلەيدىغان بولۇپ كەل .
كۆز ياشلارغا كىم خۇشتار، كۈلكە بىزدە كۆپ بولسۇن،
ئالتە كۈلۈپ، بىر يىغلاپ، يەسلەيدىغان بولۇپ كەل .

ئىنسان دېگەن دۇنياغا دەرد تارتقىلى كەلمىگەن،
جۇدالىقتا دەرد ـ ئەلەم چەكمەيدىغان بولۇپ كەل .
قاچانغىچە يۇرىمىز كاككۇك بىلەن زەينەپتەك،
دۈشمەن ئاتقان تاش ـ داڭگال يەتمەيدىغان بولۇپ كەل

1994 ـ يىل ئۆكتەبىر، غۇلجا

## گەپنىڭ ئۆزى قانداق ياشاشتا

تۇغۇلمىدۇق مىڭ يىل ياشاشقا،
تەلەي دېدۇق تەڭرى بەرگەننى .
ئەۋزەل كۆردۇق تەنها قالساقمۇ،
توقسان ياشتا قوراي تەرگەننى .

ئۆمۈر دېگەن ئەتىۋار شۇنداق،
قەدىرلەيدۇ قەدىرلىگەننى .
ياقتۇرمايدۇ ياشلىقتا ئويناپ،
قېرىغاندا ئارمان يېگەننى .

تىرىكلىكتە ياشىماق باردۇر،
گەپنىڭ ئۆزى قانداق ياشاشتا .
نەدە قالدى شىردەك ياشاشنى
شېرىن خىيال قىلغانلار باشتا .

توزۇپ كەتتى پەيلىرى تامام
ئاق قۇ بولماق بولغانلارنىڭمۇ .
كىبىر بىلەن چىقتى ئەبجىقى
تىك چوققىغا قونغانلارنىڭمۇ .

يامان بولساڭ، ياقاڭ بىر كۈنى
يىرتىلىدۇ كىشى قولىدا .

**ياخشى بولساڭ، بىرەركەن سالام**
**ئۇچرىغانلار بارار يولىدا .**

**شۇ تەرزدە بارىدۇ ھايات،**
**ياخشى بىلەن يامان ئارىلاش .**
**ئۇغۇ مەيلى، ئۇنتۇلغاي قانداق**
**ياخشىلارنى «ياۋ» دەپ قارىلاش !؟**

2000 ـ يىل ئۆكتەبىر، غۇلجا



# يىراقلارغا كەتمە، ئەزىزىم

يىراقلارغا كەتمە، ئەزىزىم،
يىراق يەرنىڭ تەشۋىشى تولا .
ياخشى ئەمەس ئايرىلىپ ياشاش،
ئايرىلغاننىڭ كۆز يېشى تولا .

يىراقلارغا كەتمە، ئەزىزىم،
بارالمايمەن كەينىڭدىن ئىزدەپ .
يىراق يەردە سېنى دۈشمەنلەر
ئازدۇرىدۇ: «ئاشىقلىق بىز!» دەپ .

يىراقلارغا كەتمە، ئەزىزىم،
يىراق يەردىن كەلمىكىڭ تەستۇر .
غەملىرىڭدە مېنىڭ بۇ كۆڭلۈم
سەن كەلگۈچە تىنچ ئەمەستۇر .

يىراقلارغا كەتمە، ئەزىزىم،
بارالمايمەن، يوللىرى يىراق .
چۈشلىرىمگە كىرگىنىڭ بىلەن،
ئويغانسام يوق ئوتتۇمدا بىراق .

1999 ـ يىل 7 ـ ئاۋغۇست، غۇلجا

# خۇراپات

(مۇخەممەس)

يەر يۈزىنى ئارىلاپ بىزنى تاپقان خۇراپات،
جىمى ئەلدە شاللىنىپ، بىزگە ياققان خۇراپات،
نادانلىقنىڭ تونىنى بىزگە ياپقان خۇراپات،
گادايلىقنىڭ ئۇرۇقىنى بىزگە چاچقان خۇراپات،
«بەخت!» دېسەك بېرەلمەي، بىزدىن قاچقان خۇراپات .

تىگشاپ باقسام ۋەزىنى، «خانىقادا يات» دەيدۇ ،
ئۈزۈن كىيىپ پېرىجە، «قوپماي تەسۋى تارت» دەيدۇ ،
ئاياللارنى «يۈزۈڭگە قارا چۈمبەل ئارت» دەيدۇ ،
«ئۆمۈر بويى بازاردا ناسۋال، ماتا سات» دەيدۇ ،
تۇگەل تۇتقان يولىدا ئەگىز ئاققان خۇراپات .

«تەقدىر» دەيدۇ ، باشلايدۇ بىزنى ئۇدۇل قەبرىگە،
ھەقىقەتنى تېگىشەر سالا قىلىپ سەۋرىگە،
قول قوشتۇرۇپ تۇرماقنى ئۇدۇم قىلدۇق نەۋرىگە،
كۆنۈپ كەتتۇق شۇگلاشقا تاغدەك جاپا ـ جەبرىگە،
دۇشمەنلەرنىڭ قولىدا بولدى قاپقان خۇراپات .

«تاشقا چاچقىن، بەختىڭدىن كۆر»نى ئەلگە ئۆگەتكەن،
خۇراپاتتۇر ئەجىرسىز قىلىپ بىزنى تۇگەتكەن،

ئاياللارنى غەپلەتتە مەڭگۈ ئوچاق پۇۋلەتكەن،
تىرىكلىكنى ئەزەلدىن تەقدىر بىلەن كۆزلەتكەن،
«ئالغا!» دېسە، ئاران بىر سەراپ ئاچقان خۇراپات.

تىلاۋەتنىڭ، ئىخلاسنىڭ ئەڭ ياخشىسى شۈكۈر دەپ،
پەرەنجىنى پەزىلەت، ناشۈكۈرلەر كۇپۇر دەپ،
كېلگۈەرسۇن بىز بىلەن ئاشۇ ئەسكى سۈپۈر دەپ،
ئايغا چىقماق بولغاننىڭ يۈزلىرىگە تۈكۈر دەپ،
ئايدا يۈرسە ئىنسانلار، ئۇخلاپ ياتقان خۇراپات.

شۇ ئىخلاسنى ئۇلۇغلاپ پېتىپ كەلدۇق پاتقاققا،
بۇ دۇنيادا ئايلاندۇق ئەڭ ئالدىنقى ئەخمەققە،
«يامان!» دېسە، جۇرئەت يوق كەچتە كىگىز قاقماققا،
ئىسكەنجىگە كۆنمىسەك، باغلاپ سۆزلەر ئەخلاققا،
جىمى ئىشنى بىر ئەپلەك دىنغا چاتقان خۇراپات.

ئارا ئايدا توي قىلسام، كېتەرمىشمەن ئايرىلىپ،
شامدا خوراز چىللىسا، ئۆلەرمىشمەن جايلىنىپ،
شۇنداق دېدى بىر موللام ماڭا ئەتەي قايرىلىپ:
«قەغەز تۇتساڭ تەرەتكە قالارمىشسەن ئايلىنىپ...»
لايىقلاشماي زامانغا، لايغا پاتقان خۇراپات.

يۈرسەم ياخشى بولارمىش مازارلارنى ئارىلاپ،
كىملەر ئىچتى، كىم چەكتى؟ يۈرسەم ياكى مارىلاپ،
ئىچىپ قويسام بىر شىشە، «دەھرىي!» دېدى قارىلاپ،
تالايلارنىڭ مىڭدەك يۈرەك ـ باغرىن يارىلاپ،
بوران بولۇپ شاخلاردىن غورا قاققان خۇراپات.

ئامراق كېلۇر ئەزەلدىن جاپاسى يوق بىنەمگە،
ئىخلاسى يوق زاۋۇتقا، قىزىقسىمۇ گىلەمگە،

قويۇپ بەرسەڭ قايتماقچى ساپان بىلەن سۆرەمگە،
ئۇسسۇل ئويناپ ھارمىدى ئەجەب كونا سەنەمگە،
ياستۇقىدا قەدىمنىڭ خورەك تارتقان خۇراپات .

تىرىكىدە سۇرەتكە چۈشسە گۇناھ بولارمىش،
ئاخىرەتتە ئۇ بىزدىن ئۆزىگە جان سورارمىش،
يىرىك دېسە زاغرىنى، خۇدا شۇئان ئۇرارمىش،
ھۇۋۇش قونغان مەھەللە سۇ بولسىمۇ قۇرارمىش،
نادانلارغا بىھۇدە گۇناھ ئارتقان خۇراپات .

يانچۇقىدا پەتىۋا، بۇرمىلايدۇ قۇرئاننى،
ئىلغىمايدۇ خۇراپات نومۇس بىلەن ۋىجداننى،
شېھىتلەرنى تىللايدۇ جىقراق بەرسە بىر ناننى،
تۆرەلگەن ئۇ دۇنياغا بېقىش ئۈچۈن بىر جاننى،
ئون ئۈچ ياشلىق قىزلارنى پۇلغا ساتقان خۇراپات .

تۇرسا بىزگە بۇ ئالەم تۆت ـ بەش كۈنلۈك قونالغۇ،
ياسالمىساق بىر لامپا ياكى دەزمال، ئۈنئالغۇ،
قاششاقلىقتا كۈن ئۆتسە، خەلقىمىزگە ئۇۋالغۇ؟
مارسلارغا ئۇچقانلار سالدى ئايغا تۇرالغۇ،
پۈتىمىزغا ئەزەلدىن پالتا چاپقان خۇراپات .

1995 ـ يىل فېۋرال، غۇلجا

## ئۈچ لىرىكا

### ئىشقىڭ بىلەن . . .

ئەتلەس كۆڭلەك كىيىپ كەپسەن،
ئاق بوينۇڭغا مارجان ئاسماي .
كەپتەر بولۇپ ئۇچۇپ بارسام،
تۇرارسەنمۇ بىر دان چاچماي؟

كىمگە بەرسەڭ مەيلى ئىدى،
قوللىرىڭدا بىر دان بولسام .
تاپار ئىدىم ئۇلۇغلۇقنى،
ئۆزۈڭ ياققان بىر نان بولسام .

ئۆزۈڭ ماڭغان كوچىلاردىن
تەلەي ئىزدەپ يۈرەر بارچە .
ئىشقىڭ بىلەن بىر مەن ئەمەس،
كۆيەر ئالەم ـ كۆيەر بارچە .

### يار ئۈستىگە يار تۇتساڭ

كۆلگە ئاقىدۇ سۈيۈڭ،
چۆلگە ئاقىدۇ سۈيۈڭ .
يار ئۈستىگە يار تۇتساڭ،
تۇزۇپ كېتىدۇ ئۆيۈڭ .

«ئاسماندىكى بەش قاقىر،
چۈشكەن يەرلىرى تاقىر.»
يار ئۈستىگە يار تۇتساڭ،
يالغۇز قالىسەن ئاخىر.

ئاي چىقتى سارايىڭدىن،
گۈل چىقتى سارايىڭدىن.
يار ئۈستىگە يار تۇتۇپ،
قورقمامسەن گۇناھىڭدىن؟

دۇتارىڭنى ئالمامسەن،
«گۈل مەرەم» گە چالمامسەن؟
يار ئۈستىگە يار تۇتساڭ،
سۆز - چۆچەككە قالمامسەن؟!

## لازىم بولۇپ قالدى سۈرىتىڭ

نەچچە كېلىپ، نەچچە رەت كەتتىڭ،
يەنە كېلىپ، يەنە كەتمەكچى!
كىم بار، كىم يوق يەنە كەلگۈچە،
شۇڭا تەشۋىش ئىشىك چەكمەكچى.

ئۈمىدلىرىم ئۆلدى ئۆچەكتە،
سېنىڭ كۆڭلۈڭ مەندىن كەچكەندە.
مەلۇم بولدى تاشلاپ كېتەرىڭ
ئۆيلىرىمدىن يامغۇر ئۆتكەندە.

لازىم بولۇپ قالدى سۈرىتىڭ،
توختاپ تۇرغىن سىزىۋالغۇچە.

ئەڭ ئاداققى سۆزلىرىڭنى مەن
دەپتىرىمگە يېزىۋالغۇچە .

خىيالىڭنى بىلىپ بولدۇم مەن،
يەنە كېلىپ، يەنە كەتمەكچى!
بەزلىمسە مېنى سۇرىتىڭ،
ھىجران يەنە ئىشىك چەكمەكچى .

2000 - يىل ئىيۇن، غۇلجا



## ۋەتەن تاغلىرى

ھەيۋەتلىك بۇ تاغلار — ۋەتەن تاغلىرى،
ئاتىلار قەددى ئۇ، ئانىلار ھۆسنى .
تاشلىرى تۇتىيا، بۇلاقلىرى سۈت،
تاغلاردىن باشلىدىم ۋەتەن سۆيۈشنى .

باتۇرلار سۈرىتى شۇ تاغلار گويا،
چوققىلار — جاسارەت ئېگىلمەس ـ سۇنماس .
شۇ سەۋەب كۆرۈنەر گاھ ماڭا تاغلار
پۈت سۇنۇپ ياتقاندەك تۈمەنلەپ يولۋاس .

تەۋەررۈك تاغلار بۇ تارىختىن بىزگە،
بار قىيا ـ ھاڭلاردا ئەجدادلار ئىزى .
بىز كەبى بىپايان تېغى بار ئەلنىڭ
بولامدۇ ۋەتەندە تېرەن يىلتىزى؟!

ئىشىكلىك ئالدىدىن ئاققان سۇلارنىڭ،
چۈشەنسەڭ، شۇ يۈكسەك تاغلاردا بېشى .
ئۆتكۈت ئۈن بولغايمۇ تۈگمەنلىرىڭدە،
بولمىسا شۇ ئۇلۇغ تاغلارنىڭ تېشى .

قارىساڭ، قەلبىڭگە تولار ئىپتىخار
قارىغايلار قەددىدىن شۇ تاغلاردىكى .

قىشتىمۇ كەتمەيدۇ يېشىللىق ئۇندىن،
تەبىئەت ھۆسندەك ھەر باھاردىكى .

بېغىڭدا ئېچىلغان گۇللەرنىڭ، دوستۇم،
شۇ گۈزەل تاغلاردا ئەجدادى — پىرى .
باغلاردىن تاغلارنى ئەتىۋار كۆرگەن،
بىلسەڭ، شۇ قەلبىمنىڭ سەۋەبى — سىرى .

1984 ـ يىل ئىيۇن، غۇلجا



# ياشاۋەر

ياخشىلارغا جانان بول، يار، ياشاۋەر،
قايدا بولساڭ ئامان بول، يار، ياشاۋەر .
ياخشى كۆڭلەر تىلەپ قالدىم كەينىڭدىن،
قايدا بولساڭ ئامان بول، يار، ياشاۋەر .

بۇ دۇنيادا ئايرىلغاننىڭ جۇپتى بار،
ھەر كىشىدە بىر تەقدىرنىڭ ھۆكمى بار .
ھەر كىشىنىڭ ئۆز خىلى بار، ھۆسنى بار،
قايدا بولساڭ ئامان بول، يار، ياشاۋەر .

تاشلاپ كەتسەڭ، تاشلاپ كەتتى دىمەيمەن،
ئىزىنتقۇلار باشلاپ كەتتى دىمەيمەن .
بەختىڭ بولسۇن، مەنمۇ قىيداپ يۈرمەيمەن،
قايدا بولساڭ ئامان بول، يار، ياشاۋەر .

چۈشلىرىمگە بەلكىم كىرىپ قالارسەن،
مەھەللەمگە بەلكىم كېلىپ قالارسەن .
ئۇنتۇمساڭ، بەلكىم ئەسكە ئالارسەن،
قايدا بولساڭ ئامان بول، يار، ياشاۋەر .

خەت يازمايسەن، تېلېفونمۇ ئۇرمايسەن،
ئەتىمالىم بىر مەنزىلدە تۇرمايسەن .

ئەمدى مەڭگۈ مېنىڭ يارىم بولمايسەن،
قايدا بولساڭ ئامان بول، يار، ياشاۋەر.

كۆڭۈل دېگەن ئۇچۇپ يۈرگەن ئەركىن قۇش،
ھەركىم ئۆتسۇن بۇ ئالەمدىن كۆڭلى خۇش.
كېتەرىڭدە ئېيتمىساڭمۇ ماڭا «خوش!»،
قايدا بولساڭ ئامان بول، يار، ياشاۋەر.

2000 - يىل ئىيۇل، غۇلجا



## كەلمەكچى

پېشمەدىن تارتماي تۇر مېنى، قېرىلىق،
سۆيگىلى يېنىمغا جانان كەلمەكچى .
چوكانلار تارانىدى يەنە باشقىدىن،
سۆيگۈ، دەپ قىزلاردىن سالام كەلمەكچى .
جۇدالىق تۈگىدى، ۋىسال پەيتى بۇ ،
ئايرىلىپ كەتكەن يار ئامان كەلمەكچى .
ساقلايمەن شۇلارنى مۇشۇ دوقمۇشتا،
كۆزىدە ياشلىرى تارام كەلمەكچى .
ئوينىغۇم بار مېنىڭ گۆدەكلەر بىلەن،
توختاپ تۇر، لەگلەك ۋە چانام كەلمەكچى .
تويمىدىم تۈنۈگۈن ئېيتقان ناخشىغا،
ئېھتىمال، ئەگىشىپ چالام كەلمەكچى .
مەرىكەمنىڭ بېشىدا قەدىردان دادام،
قولىدا چاچقۇسى ئانام كەلمەكچى .
كۈلمىگىن، مەڭگۈ ياش قالغۇم بار دېسەم،
شۇ سۆزدىن كۆڭلۈمگە ئارام كەلمەكچى .

1987 ـ يىل ئۆكتەبىر، غۇلجا

# بۇ دۇنيا

تالاشساڭمۇ، تالايدىن قالار ئىكەن بۇ دۇنيا،
بىلىپ بولماس، نەگىدۇر بارار ئىكەن بۇ دۇنيا.
مەيلى گاداي، مەيلى شاھ، بىر قىيامەت بىر جانغا،
بىر ئىنساندىن بىر جەسەت ئالار ئىكەن بۇ دۇنيا.
يىغلىغانلار پەسلەيدۇ رىزقى ئۇنىڭ شۇنداق دەپ،
مۇسىبەتكە ھەركىمنى سالار ئىكەن بۇ دۇنيا.
بىر ھۇجرىغا جەم بولۇپ ئۇلگۇرمىگەن جۇپلەرنى
ياش دىمەستىن ئەلەمدە قويار ئىكەن بۇ دۇنيا.
ئۆلمەي تۇرۇپ ئايرىلغان تىرىكلەرمۇ ئاز ئەمەس،
كۆز ياش بىلەن يۈزۈڭنى يۇيار ئىكەن بۇ دۇنيا.
«ۋاپاسىز» دەپ كايىيدۇ شۇڭا ئۇنى ئادەملەر،
ئاغرىنغاننى قامچا بوپ ئۇرار ئىكەن بۇ دۇنيا،
يۇلتۇز كۆزلۈك ئاسمانغا تۈندە باقسام ئۇنچىقماس،
پايانى يوق تىلسىمدەك تۇرار ئىكەن بۇ دۇنيا.
توخۇلارغا تاڭ قالدىم تىرىكلىكنى ئويغاتقان،
تەئەججۇپكە ھەركىمنى قويار ئىكەن بۇ دۇنيا.
ئەجدادلاردىن قەبرىلەر قاپتۇ سانسىز چوقچىيىپ،
خىيال قىلساڭ، بەئەينى مازار ئىكەن بۇ دۇنيا.
تىرىكلەرگە كۆز سالساڭ، مىدىرلايدۇ ھايات دەپ،
بىر قىسمەتتە ئاجايىپ بازار ئىكەن بۇ دۇنيا.
ئۆچۈرگەندەك ئۆيۈڭنىڭ چىرىغنى بىر شامال،
ئۆزى يەنە گۆرۈڭنى قازار ئىكەن بۇ دۇنيا.

مۆكچىيەركەن بەللىرىڭ سەن كۆتمىگەن كەچمىشتە،
ھەر ماڭلايغا بىر قىسمەت يازار ئىكەن بۇ دۇنيا .
كۆزنى يۇمۇپ ـ ئاچقۇچە ئاق سانجىيدۇ چېكەڭگە،
يۈزلەپ قورۇق يۈزۈڭدىن سانار ئىكەن بۇ دۇنيا .
قىز ـ كېلىنلەر، ھەددىڭ يوق تاڭلا موماي بولماسقا،
ئۈنمىساڭ قويماستىن، تاڭار ئىكەن بۇ دۇنيا .
قايرىلسەن كەينىڭگە ياشلىقىڭغا تويماستىن،
ئۆشنىسىدە سەن ئۈنىڭ، ماڭار ئىكەن بۇ دۇنيا .
بۇ بەش كۈنلۈك ئالەمدىن ھەركىم ھەرنە كۆزلەيدۇ،
بېخىللارنىڭ كۆزىدە تاۋار ئىكەن بۇ دۇنيا .
كېلىپ كېتەر مېھمانسەن، ياخشى قونۇپ، ياخشى كەت،
سېخىي ئۈچۈن بىر قالام چاۋار ئىكەن بۇ دۇنيا .
رەقىبلىشۇر ئىككى جان ئۆز نەپسىگە چوغ تارتىپ،
«توۋا» دەڭلار، ئۇلارغا تۇمار ئىكەن بۇ دۇنيا .
گويا ئاتقان ئوشۇقتەك سىيا چۈشۈپ، چۇ چۈشۈپ،
ئويلاپ كۆرسەڭ، بىر تاۋكا قىمار ئىكەن بۇ دۇنيا .
چېچەك تۆكسە ئۆرۈكلەر مېۋە قىلىپ ئورنىدا،
ئەجدادلارغا ئەۋلادنى ئۇلار ئىكەن بۇ دۇنيا .
رىزقى ئەمما تەڭ ئەمەس بۇ «پانىي»غا كەلگەننىڭ،
بىردە يوقسۇل، بىردە تەل قىلار ئىكەن بۇ دۇنيا .
ئاپەتلىرى ئاز ئەمەس، يولۇققانلار يىغلايدۇ،
كەلكۈن كەبى شارقىراپ ئاقار ئىكەن بۇ دۇنيا .
غەم قىلمىغىن، ئۆلگەنلەر، يېتىم قالغان بالاڭدىن،
ئۆزى بېقىپ قاتارغا قاتار ئىكەن بۇ دۇنيا .
ئەجەبلەنمە بېشىڭغا ئىسسىق كەلسە، سوغ كەلسە،
تارازىسى ئېگىز ـ پەس بولار ئىكەن بۇ دۇنيا .
ئەيىب كۆرمەڭ، كۆتۈردۈم شۇ سەۋەبتىن بىر قەدەھ،
شۇ قەدەھكە ـ شۇ مەيگە خۇمار ئىكەن بۇ دۇنيا .

1974 ـ 1980 ـ يىللار، ئۈرۈمچى

## يىللار ئىزى

ئىز قېلىپ قەدىمدىن ئۆتەر يىللار،
ئىزى باغ، ئىزى شەھەر، ئىزى ناخشا.
ھاياتلىق بوي تارتىپتۇ شۇ ئىزلاردىن،
گويا تۇن يورۇغاندەك چىراغ ياقسا.

قۇببىلەر، خارابىلەر ئالەمدىكى،
ئويلىساڭ، ئاشۇ ئۆتكەن يىللار ئىزى.
يىللاردىن ئۇلۇغ ئىزلار تاشلاپ كەلدى
دۇنياغا ئەجدادلارنىڭ ئوغۇل ـ قىزى.

كۆكەرگەن دالا ـ تۈزلەر يىللار ئىزى،
بىپايان ئۇپۇق سۆيگەن ئورمانلار ھەم.
شاھىتتۇر شۇ ئىزلارغا تىرىكلەرمۇ،
يىللاردىن بىزگە ئىزدۇر قۇربانلار ھەم.

ئىزدىسەڭ شۇ ئىزلارنى، ئەينەككە باق،
قېنى ئۇ تۈنۈگۈنكى باللىقىڭ؟
ھۆسنۈڭدە كۆرۈندۇ شۇ ئىزلاردىن
ئۆلۈمگە يېقىن قالغان ئارىلىقىڭ.

ھاسىلار ھەمراھ شۇڭا قامىتىڭگە،
ھەددىڭ يوق يىللار ئۆتۈپ ئېگىشمەسكە.

ھەددىلىك يوق قەدىرلىگەن ياشلىقىڭنى
يىرگەنگەن قىرىلىقتا تېگىشمەسكە .

ياز پەسلىك قالدى ئارتتا، مەھبۇبىلەر ،
ياراشماس ئۇسما قويساك ئەمدى ساڭا .
چۈشەنسەڭ، «ئانا» دېگەن ئۇلۇغ نامنى
قوبۇل قىل، يىللار ئۆزى بەردى ساڭا .

كۆن پېتىپ تاڭ ئاتقاندەك بىر ئىش ئىكەن
ئەجدادلار كېتىپ، بىزنىڭ كەلمىكىمىز .
ئىنسانغۇ ئۇلۇغ مەخلۇق، بىراق دوستلار ،
جىق ئىكەن بىزنىڭ نۇقسان ـ كەمىلكىمىز .

يىللارنىڭ ئىزى يەنە ئىجاد، مېھنەت
دۇنياغا تىللا تاقاپ، دۇردۇن ياپقان؛
يىللارنىڭ ئىزى دەڭلار مىراسلارنى
تۈمەنلەپ كىتابلارغا تولۇپ ياتقان .

يىللارنىڭ ئىزلىرىنى ئۆمۈردىكى
سانىماق بىزگە ئادەت «مۇنچە ياش» دەپ .
يىللارنىڭ ئىزلىرىدا ئۇلۇغ ئىشلار ،
سۆكمەڭلار ئۇنى ھەرگىز: «باغرى تاش!» دەپ .

1985 ـ يىل دېكابىر ، غۇلجا

# ئۆز يارىڭ

ئۆزگە باغقا كۆز سالما، ئۆز بېغىڭدا گۈلزارىڭ،
نېمە تەشۋىش ئالەمدىن، تۇرسا ياندا ئۆز يارىڭ؟!
قازىنىدا ۋاپانىڭ ئاشناڭ ساڭا ئاش بەرمەس،
ئاغرىپ قالساڭ، ئاشلايدۇ ئاپئاق ناندا ئۆز يارىڭ.

يار ئۈستىگە تۇتقان يار بەڭگە ئوخشار بىر چىلىم،
لەززەت يوقتۇر تەكتىدە تاۋۇز كەبى بىر تىلىم.
مۇڭداشقانسەن مۇڭداشساڭ تۈگىگۈچە بىر فىلىم،
مىڭ سۆيگۈ بار ئۇ ياڭلىغ، ئاچقان پالدا ئۆز يارىڭ.

پېچاق كەسسە قولۇڭنى، ھېچكىم ئۇنداق تاڭالماس،
تىكەن كىرسە پۇتۇڭغا، ھېچكىم ئۇنداق ئالالماس.
يۆلەپ يۈرەر، ئۆمۈرلۈك بولۇپ قالساڭ ماڭالماس،
نىجادلىق بار سەن ئۈچۈن ياققان شامدا ئۆز يارىڭ.

يۈگۈرۈپ چىقار ئالدىڭغا قايتىپ كەلسەڭ سەپەردىن،
ئېسىلىدۇ بوينۇڭغا، ئامان چىقساڭ خەتەردىن.
يامان كۈن يوق ئالەمدە يارسىز يالغۇز ئۆتەردىن،
تۈنەپ چىقار سەن بىلەن ئەسكى تامدا ئۆز يارىڭ.

جۇدالىققا دۇچ كەلسە، ئاۋۋال سېنى ئەسلەيدۇ،
سەن بولمىساڭ، سۇ تۇتۇپ، ئۆزى خامان چەشلەيدۇ.

بىلىندۇرمەي يوقۇڭنى، ئۆزى ئوتۇن كەسلەيدۇ،
راھەت دېگەن ئەسلىدە ئەتكەن خامدا ئۆز يارىڭ.

چىنىسىدىن ئىلغايدۇ قىيمىسىنى چىنەڭگە،
ئاش ئۇسقاندا بىچارە بىللە چىقىپ بىنەمگە.
باي بولغاندا ياتقۇزار ئاۋۋال سېنى گىلەمگە،
تولغىنىسەن راھەتتە ئويغاتقاندا ئۆز يارىڭ.

كۆكلىتىدۇ تەر تۆكۈپ تۇرمۇش ئاتلىق باراڭنى،
سەن تالانى ئويلساڭ، ئۆيدىن باشلار پاراڭنى.
دۇشمىنىڭگە كۆرسەتمەس يىرتىقىڭنى، ياراڭنى،
سۆيگۈڭ كېلەر سەن ئۆچۈن ئۇھ تارتقاندا ئۆز يارىڭ.

جاھان قىلغان جاھاننى شۇلاردىكى ساداقەت،
چېچىلغاندۇر شۇلاردىن يەر - زېمىنغا سائادەت.
باھار قەلب، ياز چىراي، ئۆز يار دېگەن گۈل قامەت،
كەلمەكتىدۇر ئات چېپىپ شەرەپ - شاندا ئۆز يارىڭ.

1990 - يىل ئاپرېل، غۇلجا



# ئۈيلمەن ئىزىمدىن

ئۇلغايتىدۇ ئۆمۈرنى كۈنلەر ئۆتۈپ، ئاي ئۆتۈپ،
ئايلاندۇرار پەسىللەر چۈجىلەرنى توخۇغا .
ھالقىپ قاپتۇ ئاتمىشتىن مەن ئىسمنى يىغقۇچە،
يىللار ئاچقان ئىشكتىن مەن ئاتلىغان بوسۇغا .

ئارمان ئاتلىق ئارغىماق مىنىلك مىنىپ كەلگىنىم،
چۈشكىنىم يوق ئىگەردىن، كىشنەپ تۇرار ھېلىمۇ .
توخۇ چىللاپ تاڭ ئاتقان تۈنلەر بولدى تۈمەن مىڭ،
كۈنلەر ئەمدى سۆرەيدۇ قەبرىستانغا مېنىمۇ .

ئەلدىن ئاۋۋال سورۇنغا كېلىشۋالغان ئادەمدەك،
مەن ئاتمىشقا بەك بالدۇر كېلىشۋالغان ئوخشايمەن .
ئالغىنىم بار ۋەتەندىن، بەرگىنىم يوق، نە ئىتەي،
ھارپىسىدا ھەر يىلنىڭ شۇنىڭ ئۈچۈن قاقشايمەن .

ھەپتىلەرگە، كۈنلەرگە: «ئەتە» دەيمەن ھەر دائىم،
چالا قالغان ئىشىم جىق، ئەتە دېمەي، نە دەيمەن؟
يانچۇقلىرىم تولمىدى ھايات بەرگەن نېمەتكە،
شۇڭا ئاڭا ئالدىراپ مەن رازىلىق بەرمەيمەن .

تەڭتۇشلارغا سەپسالدىم سۆزلەۋېتىپ شۇلارنى،
ئۇلارنىڭمۇ ئىيتقىنى «ئارمان» دېگەن ناخشىكەن .

ئويلاپ قالدىم: ئارمانسىز كەتمەيدىكەن ھېچ كىشى،
تېپىچەكلىمەي تەقدىرگە تەن بەرگەنمۇ ياخشىكەن .

ئىككى لەيلەپ، بىر چۆكۈپ ئېقىپ ئۆتكەن جەسەتتەك،
ئۆتۈپ كەتتى بىھۇدە مېنىڭ تالاي يىلىممۇ .
چۈشۈپ قويۇپ دېڭىزغا، چىقالمىدىم قىرغاققا،
ئەتمالىم چىلىك تارتىپ باغلانمىغاچ بېلىممۇ .

ئارزۇلاردەك بولغايمۇ ھايات دېگەن ھەركىمگە،
«ئالما» دېسەڭ تەگلەيدۇ ئاچچىق ئۆرۈك قولۇڭغا .
قۇرچى سېنى بەزلەيدۇ، يوق تەلەينى سۆزلەيدۇ،
ھۆكۈم قىلماق تەس سېنىڭ ھەر كۈن ماڭار يولۇڭغا .

ئارىسىدا يوق ئەمەس مەن توختالغان ئاتمىشنىڭ
ئارزۇلارنىڭ كۆزىگە توپا چاچقان يىللار ھەم .
ئاسىيلىقتىن ساقلاپتۇ تەڭرىم مېنى، مىڭ شۈكۈر،
ئازدۇرالماي قانچە رەت قىز ياسانغان جىنلار ھەم .

يوشۇرمايمەن، راست مېنىڭ تارتىشقىنىم كەينىمگە،
ئەرزىگۈدەك ئەجرىم يوق، ئۇيىلىمەن ئىزىمدىن .
تارتارمۇ دەپ سوراققا: «قېنى قىلغان بېغىڭ؟» دەپ،
ئەنسىرەيمەن ئوغلۇمدىن، ئەنسىرەيمەن قىزىمدىن .

قالدى يىللار قويىندا قىرانلىقىم، ياشلىقىم،
بارسا كەلمەس يوللارغا راۋان بولدى، تۈگەشتى .
ئەمدى باھار كەلگەندە قىرو چۈشتى بېشىمغا،
ۋۇجۇدۇمغا، جىسمىمغا شۇڭا ئارمان يۆگەشتى .


ئاغرىنمايمەن ئايلاردىن، تىللىمايمەن يىللارنى،
بولامدىكەن تىللاشقا يولدىن ئۆتكەن كارۋاننى؟

كەتمەيدىكەن سەۋەنسىز ئادەم دېگەن شۇندىمۇ،
تۆكۈپ قويدۇم ئاز ـ تولا مەنمۇ ئارزۇ ـ ئارماننى .

ئىئاندۇر ۋەتەنگە مەندە بۇ جان، بۇ يۈرەك،
تەقدىم تۇگەل ئۆمرۈمنىڭ ئاتمىشتىنمۇ ئاشقىنى .
ئۇ كۆكلىسە كۆكلەيمەن، ئۇ شاخلىسا شاخلايمەن،
ئويلىمايمەن بۇگۈن مەن ئانا ئەلدىن باشقىنى .

نېسىپ بولغان ئاتمىشقا شادلىقلىرىم ئاز ئەمەس،
كىرىپ قالغان چاتقالدىن تىرىك چىقتىم ھېلىمۇ .
چوققىسىغا ئات سېلىپ مەنمۇ يېڭى ئەسىرنىڭ،
ئۆتكەنلەرگە ئۆكۈنمەي كۈلۈپ چىقتىم ھېلىمۇ .

2000 ـ يىل دېكابىر، غۇلجا



## هايات دېگەن مانا شۇ

(سابىق سوۋېت ئۇيغۇر شائىرى ئىليار بەختىيارغا تەقلىد)

تۇرۇۋالدىڭ چۇشەندۇر دەپ هاياتنى،
نېمە دەيمەن، يەنە دېسەم، يەنە شۇ!
كەلمىدۇقمۇ ئەتە ئۇچۇن ئات چېپىپ،
مەنچە بولسا، هايات دېگەن مانا شۇ!

ئاھ ئۇرسەن ئارمىنىڭغا يېتەلمەي،
يا ئارزۇنىڭ ئىشىكىدىن كىرەلمەي —
زارلىنىسەن بىرنى ئىككى ئېتەلمەي،
مەنچە بولسا، هايات دېگەن مانا شۇ!

دۇرۇس تەبىر: «ئۆمۈر – ئاتقان ئوق!» دېگەن،
بۇ ئالەمگە قانغان كىشى يوق، دېگەن،
بىرلىرى ئاچ، بىراۋلىرى توق، دېگەن،
مەنچە بولسا، هايات دېگەن مانا شۇ!

شائىر يازار: «ئۇلۇغ ئىنسان ئانا!» دەپ،
ئانا ئۆتەر بۇ دۇنيادىن بالا دەپ،
بالا كۆزى تەلمۈرىدۇ دالا دەپ،
مەنچە بولسا، هايات دېگەن مانا شۇ!

بېسىلمايدۇ تىرىكلىكنىڭ ۋاڭ ـ چۇڭى،
بىلەلمەيسەن نەدە ئۇنىڭ تەگپۇگى؟
كىچىكلەرنى بوزەك قىلار ئەڭ چوڭى،
مەنچە بولسا، هايات دېگەن مانا شۇ!

گاھ ئېتىزدا ئارپا، بۇغداي تېرىيسەن،
گاھ بازغاندا غۇلچىڭنى كېرىيسەن،
تىرىكچىلىك هارۋىسىدا قېرىيسەن،
مەنچە بولسا، هايات دېگەن مانا شۇ!

1991 ـ يىلى ئاۋغۇست، غۇلجا

# ئۆمۈر دېگەن . . .

قىياس قىلساق، ئۆمۈر دېگەن ئوخشايدۇ
ئاتا ـ ئاناڭ ئاتلاندۇرغان سەپەرگە .
سەپەرلەرمۇ يېرىم يولدا توختايدۇ،
گاھ يولۇقسا كۆتۈلمىگەن خەتەرگە .

مۇنبىرى يوق، سورۇنى يوق، سازى يوق،
ئۆمۈر دېگەن چېكىقاپ ئېيتقان ناخشىدۇر .
لېكىن ئەلنىڭ يۈرىكىگە ياقمىسا،
ئۇنداق ناخشا ئېيتمىغانمۇ ياخشىدۇر .

ئۆمۈر دېگەن ئەزىم دەريا گويا بىر،
ئېقىپ بارار گاھى سۈزۈك، گاھى لاي .
لاي بولسىمۇ بەزىلەرنىڭ سۈيى بار،
بەزىلەرنىڭ گىياھ ئۈنمەس قۇرۇق ساي .

ئۆمۈر دېگەن تەڭرى بەرگەن باغ ساڭا،
پەرۋىش قىلماي تاشلىۋەتسەڭ قۇرۇيدۇ .
ياخشى بولساڭ، سايەڭنىمۇ ماختاپ ئەل،
چۈشۈڭنىمۇ ياخشىلىققا جورۇيدۇ .

ئۆمۈر گويا يىل ئىچىدە تۆت پەسىل،
تۆت بالىنىڭ تۆت خىل مىجەز ـ خۇيى بار .

نۆۋەتلىشۇر جاپا بىلەن پاراغەت،
ئۆمۈرنىڭمۇ ھازىسى بار، تويى بار .

ئۆمۈر دېگەن ئىمتىھانى تەڭرىنىڭ،
سېنى يىللار غەلۋىرىدە تاسقايدۇ .
قىزىل چەش بوپ ئايرىلغانلار مۇنبەردە،
ئەخلەت بولۇپ تاسقالغانلار قاقشايدۇ .

ئۆمۈر دېگەن ئۇچقان شامال، ئاتقان ئوق،
دوقمۇشلاردا سېنى ساقلاپ تۇرمايدۇ .
سۆيگۈ بىلەن ئۇزاتمساڭ ھەر كۈننى،
ھېچكىم ساڭا ئالقىش ـ چاۋاك ئۇرمايدۇ .

ئۆمۈر پۇرسەت، ئۆمۈر تەلەي، غەنىيمەت،
ئاسان ئەمەس بىراق يەتمەك قەدرىگە .
باغلىق ئىكەن قانداق ياشاش ئەڭ ئاۋۋال
بۇ دۇنيادا ئىنساننىڭ ئۆز ئەجرىگە .

بىز كارۋانمىز، ئۆمۈر ـ ئۆتەڭ، مۇلازىم،
قونغان، تۇرغان كۈنلىرىمىز ئوخشىماس .
بارسا كەلمەس بىر مەنزىلگە يول ئالدۇق،
بىز كەتسەكمۇ كارۋان ئەمما توختىماس .

ئۆمۈر دېگەن ئەزىزىدۇر ھەركىمنىڭ،
ئەزىز ئەتسەڭ ئەزىزلەيدۇ سېنىمۇ .
تۇغۇلماقتىن تۆمەن ئەۋزەل تونۇلماق،
شۇ ئەقىدە باشلاپ ماڭغان مېنىمۇ .

2000 ـ يىل 30 ـ دېكابىر، غۇلجا

## مەن چۈشۈڭگە كىرمەي تۇرۇپمۇ . . .

شاخ ئارىلاپ ئاينىڭ شولىسى،
ئاي ئارىلاپ، يار، سىنىڭ شولاڭ .
سەن تەرەپكە قۇلاقلىرىم دىڭ،
ئەجەب ئىمتاس سىنىڭ شۇ ھويلاڭ .

كۆكات باستى كۆڭلۈم بىغىنى،
قويۇڭ يوقمۇ قويۇۋەتكىلى؟
يۈرىكىمدە گۇمانىڭ كىرى،
سۈيۈڭ يوقمۇ يۇيۇۋەتكىلى؟

تاغقا چوغلۇق ئىزدەپ چىقمىدىم،
تاغدا نەدە سىنىڭدەك چوغلۇق؟
كۈندۈزىمۇ سىنى ئىزدەيمەن،
كېچىلەرمۇ ئېتىم توقۇقلۇق .

دۈپۈر - دۈپۈر ئاتنىڭ تىۋىشى
بىسىلمايدۇ ھويلام كەينىدە .
سىنى ئاتلىق كەلدىمۇ دەيمەن
مەن بار بولسام ئۇنىڭ مەيلىدە .

مىڭ گەز ئېگىز ئۇچقان قاقىردىن
سوراپ باققۇم كېلىدۇ سىنى .

مەنمۇ بارماي سەن سىغىنغاندا،
دوراپ باققۇم كېلىدۇ سېنى .

ساڭا ئاتاپ تەرگەن ئۇسمىلار
قۇرۇپ كەتتى ھېچكىمگە بەرمەي .
ئۇرۇق تۇتۇپ كەتتى خېنىلەر
سېنىڭ ئايىئاق قولۇڭنى كۆرمەي .

باراڭلىقتىن چىققان كۈلكىلەر
ئوخشىمايدۇ سېنىڭ كۈلكەڭگە .
يەرگە چۈشسە جىرىڭلاپ تۇرغان
ھەربىر كۈلكەڭ بىر ئالتۇن تەڭگە .

چوڭ يول تۇرۇپ، بىغىڭ يېنىدىن
ئۆزۈڭ سەۋەب ئۆتكىنىمگىمۇ .
ئۆزۈڭ سەۋەب سەن ئۆتەر يولدا
ئاي پاتقۇچە كۈتكىنىمگىمۇ .

كۈن ئاربلاپ كەلسەڭمۇ مەيلى،
ئاي ئاربلاپ كەلگىنىڭ يامان .
مەن چۈشۈڭگە كىرمەي تۇرۇپمۇ،
كۈندە ئەتلەس كىيگىنىڭ يامان .

تۈنۈگۈنلا كۆرۈشكەندۇق،
بۈگۈن يەنە تۇتتى سىغىنىش .
سەۋەبىنى بىلسەم، يوق ئىكەن
مۇھەببەتتە دىدارغا قېنىش .

1997 ـ يىل ئاۋغۇست، غۇلجا

## ئادەملەرگە

ئىلكىڭدە ئالەمنىڭ جىمىكى بەختى،
ئادەملەر، ئاپەتمۇ سىنىڭ قوينۇڭدا .
ئارغامچا سىنىڭدىن ئۆزگىدە بولماس،
دېمەككى، سىرتماقمۇ سىنىڭ بوينۇڭدا .

ياشلىرىڭ نەسىھەت قوۋمىگە كۆنمەس،
تەكتىنى تەگسەڭ ئاتىدىن باشلىق .
بولمىسا ئىللەتلەر ئانىلاردىمۇ،
ئېتەمدۇ ئون ياشلىق قىزلىرى قاشلىق .

چاقماقنى تىللايسەن ئاسماندىن چۈشكەن،
قالمايدۇ كەلكۈنمۇ تىلىڭدىن چەتتە .
ئالدىڭدا تەبىئەت گۇناھكار بولسا،
سەندىنمۇ ئاغرىنماق زۆرۈر، ئەلۋەتتە .

بەزىدە تىللايدۇ بىرىنى بىرى،
ئىتلارنىڭ ئاۋازى ئۇلاردىن تۈزۈك .
بىلمىدىم، تەقدىرنىڭ بەرگىنى شۇمۇ،
ئالۋاستى قولىدا ئالتۇندىن ئۈزۈك!

بىرلىرى يۈرۈيدۇ ۋىجداندىن مەھرۇم،
ئۆمۈرلۈك ئەقلىنى بېرىپ هارامغا .

ھجايىسا، بار ئىكەن پەزىلەت، دېمە،
ئاغزىنى ئۆگەتكەن يالغان سالامغا .

بېشىدا ئۆزى بار جىمى ھېسابىنىڭ،
چاشقانلار ماڭغان يول شۇلارنىڭ يولى .
تۆھپىكار مۇشۇكنىڭ كېكىردىكىدە،
سىنچىلاپ قارىساڭ، شۇلارنىڭ قولى .

قىڭغايغان تاملارغا قويمايدۇ تىرەك،
ئەكسىچە، قاچىدۇ تىرەكنى ئېلىپ .
جاڭجاللار شۇلارنىڭ تۆھپىسى بولدى،
بەزىدە ھايۋانلار ئىزىدىن مېڭىپ .

ئاپىرىن، قانائەت پەرىشتىلىرى
ئاچلىقتا ياتسىمۇ ئۆتتى سىناقتىن .
ۋە لېكىن بىر جۇتلۇق كېلەر سېنىڭدە،
ئەگىشىپ سايەڭدەك سېنى ئۇزاقتىن،

ئادەملەر، قوينۇڭدا ئاپەت ئاز ئەمەس،
نە قىلاي كۆپ سۆزلەپ نۇقسانلىرىڭنى .
ئىللەتلەر ئاپەتكە ئايلىنىپ، بىلسەڭ،
قۇرۇتۇپ كەلمەكتە بوستانلىرىڭنى .

يانغىنى يوق دېمە، يانغىن ئۆزۈڭدە،
ھەزەر قىل پەيلىدىن ھەسەتخورلارنىڭ .
ئەپتىدە شۇملۇقنىڭ باردۇر شەپىسى
ئاسمانغا غادايغان تەكەببۇرلارنىڭ .

بار، دۇرۇس، سۆيگۈدە غېرىب ــ سەنەمدەك
سىلەردە ۋاپانىڭ داھىيلىرىمۇ .

بار بىراق شۇ ئۇلۇغ مۇھەببەت تۇگۈل،
ئەل بەرگەن ئاق نانىنىڭ ئاسىيلىرىمۇ .

ئۈنەركەن باھاردا گۈللەر، سۇمبۇللار،
چىقاركەن تىكەنمۇ بىللە كۆكۈرۈپ .
ئادەملەر، سىنىڭمۇ يادىڭدا بولسۇن،
چىققىنىڭ تارىختا «مەن!»نى كۆتۈرۈپ .

قايىلمەن، ئەجرىڭدىن ھاسىلدۇر دۇنيا،
ماختايمەن مېۋەڭنى ئالەمگە بەرگەن .
ئۆزگىدىن ئىزدىمە، ئوغرىمۇ تامام
ئۆزۈڭدە بىغىڭغا تام ئاتلاپ كىرگەن .

سورۇنلار چۇقانىنىڭ ئىلكىدە يەنە،
جاراڭلار خۇشامەت قەدەھلىرىمۇ .
ئوغرىنى ماختايدۇ «پەخرىم!» دەپ بىرى،
تامام نەپ ئۇنىڭ ھەم سەۋەبلىرىمۇ .

شەنىڭگە كىتابلار يېزىلدى تالاي،
ئالەمدە جىمدىن سىنى ئۇلۇغ دەپ .
قاراپ كۆر، شۇندىمۇ يازمىغان ھېچكىم
ئادەملەر قوينىدا ئاپەتنى يوق دەپ .

* *

ئادەملەر، ئىلكىڭدە ئۆز بەختىڭ مەڭگۈ،
شۇنداقلا ئاپەتمۇ سىنىڭ قوينۇڭدا .
ئىشلەر ئارقانلار قولۇڭدا، شۇڭا
ھەزەر قىل سىرتماقمۇ سىنىڭ بوينۇڭدا .

1988 ـ يىل نويابىر، غۇلجا

## هايانىڭمۇ ئۆز يولى بارغۇ

كېلەر بولساڭ، تۈندە كەل دەيسەن،
سەۋەبىنى ھاياغا ھەيدەپ .
يۇتۇۋەتتىم مەنمۇ بىر گەپنى،
قانچە قېتىم ئۆزۈڭگە دەي دەپ .

پىچىرلايسەن تۈندىمۇ يەنە،
شۇنچە خالىي، شۇنچە خىلۋەتتە .
ھايانىڭمۇ ئۆز يولى بارغۇ،
ھالال بولسا سۆيگۈ، ئەلۋەتتە .


قارا پەردە زېمىن يۈزىدە،
تىمسىقلاپ يۈرىمىز دائىم .
جۇدالىقتا يۈرسەك كۈندۈزى،
سوۋۇمامدۇ سېنىڭدىن رايىم؟

ئەمەسمىدى شەپەرەڭ پەقەت
كۈندىن قورققان، كۈندۈزدىن قورققان .
ھايانى دەپ شەپەرەڭ بولساق،
ئويلىغىنا، بىزنى كىم تۇغقان؟

كىم ھەيدەپتۇ ھاياسىزلىققا
كۈن ئاستىدا دىدارلاشقانىنى؟

سۆيۈشسەممۇ، دىدار دېمەيمەن
تۈن كېچىدە يۈزۈڭ ئاچقاننى!

1997 ـ يىل ئاۋغۇست، غۇلجا



# خېنىڭ كەلدى، ئۆزۈڭ كەلمىدىڭ

خېنىڭ كەلدى، ئۆزۈڭ كەلمىدىڭ،
توستى كىملەر سېنىڭ يولۇڭنى .
دۈشمەن تۇتسا قانداق چىدايمەن،
مەن تۇتقۇچە سېنىڭ قولۇڭنى؟!

خېنىڭ كەلدى، ئۆزۈڭ كەلمىدىڭ،
قونۇپ قالدىڭ قايسى ئۆتەڭدە؟
يىغلىمامدىم باغلاردا يالغۇز،
سەن كەلمىسەڭ باھار كەلگەندە .

خېنىڭ كەلدى، ئۆزۈڭ كەلمىدىڭ،
يوللىرىڭدا دەريا بارمىدۇ؟
ئاشىقلارنىڭ تەقدىر ـ ئەزەلدە
ياكى شۇنداق يولى تارمىدۇ؟

1999 ـ يىل 7 ـ دېكابىر، غۇلجا



## ئادەملەر ئۇلۇغ

كۈنلەرنىڭمۇ ھەر خىلى باردۇر،
گۈللەرنىڭمۇ ھەر خىلى باردۇر .
ئادەملەردىن رەنجىمە، كۆڭلۈم،
ئۇلارنىڭمۇ سەرخىلى باردۇر .

تىلەمچىگە نان بېرەر بىرى،
كەپتەرلەرگە دان بېرەر بىرى .
زۆرۈر بولسا، قان بېرەر بىرى،
ھەتتا جاننى بەرگىنى باردۇر .

ياتمىقى بار ئاغرىپ ساقنىڭمۇ،
سولمىقى بار سەيلىگاھنىڭمۇ .
دۆلەت كەتسە، ھەتتا شاھنىڭمۇ
دۆڭدىن قوراي تەرمىكى باردۇر .

دۇنيا تىلسىم، ئادەملەر ئۇلۇغ،
تىرىكلىككە ئادەم ئۆزى تۇغ .
يانغىنغا سۇ، زىمىستانغا چوغ،
شۇڭا گۈزەل مەنزىلى باردۇر .

2000 ـ يىل 2 ـ نويابىر، غۇلجا

# بەلكى

(بوۋايلار ئاغزىدىن)

جاھان دېگەن تىلسىم ئىكەن، ياشاپ ئۆتتۇق،
تۆرەلگەنلەر بىز كۆرگەننى كۆرەر بەلكى .
ئىنسان بېشى كۆرمەيدىغان كارامەت يوق،
ئەقىل دېگەن ئاڭغا شۇندىن تولار بەلكى .
كىم بىلىپتۇ، بۈگۈن قەدرىڭ بىلمىگەنلەر
تاڭلا يىغلاپ يەنە ساڭا كېلۇر بەلكى .
بەگ چېغىدا ئۆز دوستىدىن ئايىنغانلار
كېتىپ دۆلەت شۇمشەيگەندە تونار بەلكى .
ساغرىسىغا قول تەگمىگەن ئاساۋلاردەك
يۈرگەنلەرمۇ قويدىن ياۋاش بولار بەلكى .
قايناق رەستە، سارايلارنى چۆل كۆرگەنلەر
سۈرگۈن ئارا دەشتۇ چۆلدە تۈنەر بەلكى .
ئات ئۈستىدە خۇدنى بىلمەي غادايغانلار
تاڭلا يالاق چۆلدە سەرسان يۈرەر بەلكى .
راۋاق ئۆزرە شايى كىيىپ ئۆتكەنلەرمۇ
جەندە ئىچرە ئۆزلىرىنى كۆرەر بەلكى .
ئۈگرە بەرسەڭ سۈيۈق كۆرگەن كىبىرلىكلەر
ئاچلىق يېتىپ داغ سۇغمۇ كۆنەر بەلكى .
مەرتىۋىگە مەست بوپ مەنسەپ تالاشقانلار
ئۆلۈپ تاكى تالاشقانغا تويار بەلكى .

ئۆمۈر بويى كۆلۈپ ئۆتەي دېگەنلەرمۇ
كاج بەختىدىن يىغلاپ پەرياد ئۇرار بەلكى .
باقىي دېمەك بېھىش كەبى بوستانلارنى،
شۇملۇق تىلەپ ھۇۋقۇش كىلىپ قونار بەلكى .
قاقاس يەتسە توزۇپ لەيلى ئىبدىرلاردىن،
چوغلۇق، سىرىن قوراي كەبى قۇرار بەلكى .
بىر قىسمەتتە قىيامەتلىك دوستلىرىڭمۇ
كۆتمىگەندە ساڭا ئورا كولار بەلكى .
كۆلدىن ئۇچقان بىر جۈپ ئاق قۇ قايدىن بىلگەي،
كىمدۇر ئۇندا مىلتىق بەتلەپ تۇرار بەلكى .
بىلۇرمىكىن دەريالاردا ئۈزگەن بېلىق؟
ئاپتاپ تۆكۈل قازانلاردا كۆيەر بەلكى .
لوقمان ئۆمرىن تەمە قىلغان نائىنساپلار
شۇ خىيالدىن چىقماي تۇرۇپ ئۆلەر بەلكى .
ئۆز رىزقىغا ئەسلا شۈكۈر قىلمىغاننى
ئاشۇ نەپسى گۆرىستانغا سۆرەر بەلكى .

1975 ـ يىل، ئۈرۈمچى



## تۈنده ئۇزاق ئولتۇرما بۇنداق

جىمى چىراغ ئۆچتى ئۆيلەردە،
گۈلۈم، پەقەت سىنىڭ يېقىلىق .
بىلەلمىدىم، كىمنى ساقلايسەن،
دېرىزەڭمۇ يېرىم يېپىقلىق .

كۈندەشلىكىم تۇتتى شۇڭلاشقا،
ئىمانىمنى قاچۇردى گۇمان .
خىرەلەشتى كۆڭلۈم ئاسمىنى،
تارقاتقاچقا گۇمانىم تۇمان .

ئولتۇردۇڭمۇ ئۇزاقتىن ـ ئۇزاق
كىملەرگىدۇر يەنە خەت يېزىپ؟
خەتنى ئۇزۇن يازمايتتىڭغۇ سەن،
قالدىڭمۇ يا قۇرلاردىن ئېزىپ؟

سېنى ياكى خىيال باستىمۇ،
مەن قورقىمەن شۇنداق خىيالدىن .
ئاۋۋال مېنى خاتىرجەم قىلىپ،
سۈرسەڭ سۈرگىن خىيالنى ئاندىن .

كىتاب ئوقۇپ ئولتۇرامسەنيا،
سەن ئالىمغۇ ئوقۇمساڭمۇ!

توقۇپ يۇرمە ئۇستىۋاش يەنە،
بازاردا جىق توقۇمىساڭمۇ .

نېمە سەۋەب قاچقان ئۇيقۇڭغا،
مەن سەۋەبمۇ، ئەللەر سەۋەبمۇ؟
سەۋەب بولسا ئەگەر ئۆزگىلەر،
ئاۋۋال ماڭا كەلگەن خەۋپ ئۇ!

تاۋلىق يوقمۇ ياكى، نازۇكۇم،
كىملەرنىڭمۇ كىرگەندۇ ئىچى؟
چۈنكى ھېچكىم سەندەك ئۇز ئەمەس،
سەندەك ئەمەس ھېچكىمنىڭ چىچى .

ياغلىق ئىشلەپ ئولتۇرغان قىزلار
ياتمىغۇدەك تۈنلەردە شۇنداق .
ماڭا ياغلىق بەرمىسەڭ مەيلى،
تۈندە ئۇزاق ئولتۇرما بۇنداق .

ئويلىمىغان ئويلارغا سالدى
تۈندە ئۆچمەي سېنىڭ چىرىغىڭ .
قاچان قالار مېنى تەشۋىشكە
سېلىپ قويغان ئاشۇ قىلىقىڭ !؟

1997 ـ يىل ئاۋغۇست، غۇلجا

# ئۆسەكلەر

يامانلار ئامراق كېلۇر ئۆسەكلەرگە،
ياخشىلار موھتاج ئەمەس جېسەكلەرگە .
قۇترىغان ھايۋان بولۇپ دەسسەپ يۈرەر
ئۆسەكلەر يېگى قۇيغان كېسەكلەرگە .

چاچقىلى قۇزغۇن يۈرەر قىزىل چەشنى،
كىملەردۇر ئۆچۈرمەكچى قىزىق مەشنى .
ياخشىنىڭ كۈندەشلىرى كەپتۇ بىللە،
كۈندۈزگە يارانقاندەك قوشۇپ كەچنى .

ئات مىنسەڭ، «تاغنى مىندى» دەيدۇ ئۇلار،
نان يېسەڭ، «پاقلان يېدى» دەيدۇ ئۇلار .
كېكەچلەپ ھەقىقەتنىڭ سورىقىدا،
كىمنىدۇر «دېدى ـ دېدى . . .» دەيدۇ ئۇلار .

ئارقامدا يات ئاياغلار شىپىرلايدۇ،
يات ئېغىز، يات ئاۋازلار پىچىرلايدۇ .
ھەر ئۆيدە بىر دىن مۈشۈك ئوۋ قىلسىمۇ،
بۇلۇڭدا يەنە چاشقان كىتىرلايدۇ .

ئەگىزلەر نەدە ئۆستەڭ بولالىغان،
ئەخلەتلەر نەدە مەڭگۈ تۇرالىغان؟!

شۇنىڭدىن ئۆمرى مەلۇم ئۆسەكلەرنىڭ،
قامغاقلار نەدە دۆڭگە قونالىغان؟

ئىس يانغان ئوچاقلاردىن بىزار ھەركىم،
ئۆسەكلەر تۈتەكتىنمۇ بەتەر بەلكىم.
ياخشىلار، پەرۋا قىلماڭ ئۆسەكلەرگە،
بۇ جاھان مەڭگۈ شۇنداق ئۆتەر بەلكىم.

1993 ـ يىل ئىيۇل، غۇلجا



## مۇھەببەتمۇ ئۇلۇغ بىر مەكتەپ

مۇھەببەتمۇ ئۇلۇغ بىر مەكتەپ،
ئاشىقلىقنى سۆزلەيدۇ ھەق دەپ .
يازغانلىرى ۋاپا دەستۇرى،
قىلغانلىرى قەدىمدىن ھەق گەپ .

گۇناھ دېمەس كۆڭۈل بەرگەننى،
كاككۇك ـ زەينەپ بولۇپ يۈرگەننى .
بۇ دۇنيانىڭ ھۇزۇرى دەيدۇ
شۇ مەكتەپتە ئۆتكەن ھەر دەمنى .

جىمى ئىنسان ئۇنىڭ ئىلكىدە،
بىنا، قەسىر يوقتۇر مۈلكىدە .
شۇنداق مەكتەپ مۇھەببەت دېگەن،
سائادىتى تويىدا، مەرىكىدە .

ئۇن سەككىزدە ئۆمۈر ئۈز دەيدۇ،
ئون سەككىزلەر جۈپلۈك ئىزدەيدۇ .
بوۋايلارمۇ يەتمىشكە يەتكەن
«شۇ مەكتەپتە تېخى بىزا!» دەيدۇ .

2004 ـ يىل 20 ـ ئىيۇل

## غەزەللەر

رەستىلەرگە چىقما، يارىم، ئەل قاراشقاندەك قىلۇر،
خۇش ئاۋازىڭنى يەنە بۇلبۇل تالاشقاندەك قىلۇر.
گۈل بويۇڭغا تىلتۇمار ئاسماي ئەجەب يۈردۇڭ بىخۇد،
ئويلىسام شۇ ئىشنى مەن، قايغۇ ياماشقاندەك قىلۇر.
قاپتۇ ھاڭ ـ تاڭ مەن ئەمەس، ھۆرلەرمۇ ھۆسنىڭگە سىنىڭ،
مىڭ ھەسەتلىك كۆز بىلەن قىزلار ماراشقاندەك قىلۇر.
كۈن تۇتۇلدى دەيدۇ بىلمەي، كۆككە باقساڭ سەن ئەگەر،
كۈندۈزى گويا قۇياش كۆزى قاماشقاندەك قىلۇر.
مەن ئۆلەر بولدۇم سىنى جىمى جاھاندىن قىزغىنىپ،
تۈندە ئويغانسام، ساڭا ئىتلار قاۋاشقاندەك قىلۇر.
ئەل شەپەق دەيدۇ، لېكىن چىنپۇتمىدىم، پاتقاندا كۈن
تالىشىپ تاغلار سىنى ئاغزى قاناشقاندەك قىلۇر.
سەن كەبى بولماق گۈزەل ھېچكىم ئۈچۈن ئاسان ئەمەس،
لەۋلىرىنى ئاي بىلەن يۇلتۇز يالاشقاندەك قىلۇر.
كىيگىنىمنى ماختىماڭ ھەر كۈندە كىمخاب بولسىمۇ،
مەن دىبدىمكى، بارچىدىن يارىم ياراشقاندەك قىلۇر.
ئۈز كۆرۈنمەك ھەر كىياھنىڭ بۈرچىدۇر ئالدىڭدىكى،
تالاي مەجنۇنلار شۇڭا ساچىن تاراشقاندەك قىلۇر.
بىلمىدىم، بەختىڭمىكىن: سەنچۈن مىنىڭدىن بىخەۋەر
ئۆزلىرىنى بىرلىرى ئاشىق ساناشقاندەك قىلۇر.

*　　　　*

بۇ ئۇلۇغ كۆڭلۈم مېنىڭ ھەسرەتكە ھاملىدار ئەمەس،
قىينىسا ھىجران ئازابى، زارلىغان چىن يار ئەمەس.
دەشت ئېشىپ سۇ ئىچكىلى ئاخىر ۋىسال دەرياسىدىن
يولغا چىقساڭ، خوپ دېمەي، كۆلگەن ساڭا ھەمكار ئەمەس.
ھەر كۈنى يارنى چۈشەيمەن، يارمۇ بەلكىم مەنچىدۇر،
كۈندە مەكتۇپ كەلسىمۇ، ئۇ بەربىر دىدار ئەمەس.
ئۆز گۈلۈمنى ئىزلىبان تاپماي تېخى ئاۋارىمەن،
ئۆزگە باغلار مەن ئۈچۈن ھەرگىز چىمەن ـ گۈلزار ئەمەس.
گاھ قويۇپ ياستۇققا باش ياتسام مېنى نىمجان دېمە،
ياتقىنىم يار دەردىدىن، ئەكسىچە مەن بىمار ئەمەس.
ئويلىما، يار، سەن مېنى ئاخىر ۋىسالدىن كەچتى دەپ،
چىن ئىشق ئەھلى نىگاردىن ئۆلگۈچە بىزار ئەمەس.

*　　　　*

سۆز ـ چۆچەك قىلدى تىكەنلەر: دىلبىرىڭ كەلمەس، دېدى
ياق، دېدى گۈللەر: ئىشەنمە، كۈت يەنە بىرپەس، دېدى.
ياخشىلار ياخشىچە سۆزلەر، بولدى ياۋ نائەھلىلەر،
ياخشىلار ئەگىز سۇيى ئاقماس ئېتىپ ئۆركەش، دېدى.
تاغ مېنى تەبرىكلىدى، سۇرەت ئىكەن دەپ مەشۇقۇڭ،
ئىككى دۇنيادا ئۇ ياڭلىغ ھۆرنى كىم سۆيمەس، دېدى.
نە ئۈچۈن ئوت كەتتى جاڭگالغا دېسەم ھەيران بولۇپ،
كۆرسە يارىڭنى ئەگەر ئورمان نېچۈك كۆيمەس، دېدى.
باغ ھۇزۇرى بار ئېرۇر يارىم بويىدا ھۆپپىدە،
ئىزلىرىدا گۈل ـ گىياھ، ھەرگىز تىكەن ئۈنمەس، دېدى.
يەتتە ئىقلىمدىن ماڭا كەلگەن سادانى تىڭشىسام،

ياخشىنىڭ يارى بولۇپ، تاپتىڭ ئۆمۈر ئۆلمەس، دېدى .
ھەر كىشىنىڭ يارى بولسا گەر سېنىڭ يارىڭ كەبى،
باشقا كەلگەن بارچە مۈشكۈلگە نېچۈك كۆنمەس، دېدى .

* *

ئېگىز كۆكتە ئۇچۇپ جەۋلان قىلىپ كەل، مەن تامان كەلسەڭ،
ياياق يۈرمەي، يەنە تۇلپار مىنىپ كەل، مەن تامان كەلسەڭ .
نىگارىم قۇش بولۇپ كەلدى دېگەيمەن ئۇچرىغانلارغا،
مېنىڭ مەرىكەم ئۈچۈن ناغرا چېلىپ كەل، مەن تامان كەلسەڭ .
تىكەن سانجۇر ئاياغىڭغا، شۇڭا دەشتلەر بىلەن ماڭما،
مېنىڭچۈن قايسى دوست ـ دۈشمەن، بىلىپ كەل، مەن تامان كەلسەڭ .
رەقىبكە رەھمى كەلگەننىڭ يولىدا قۇترىشۇر پېشكەل،
رەقىبلەر باغرىغا خەنجەر سىلىپ كەل، مەن تامان كەلسەڭ .
كۈتەرمەن چۆل ـ باياۋانلار تامام يامغۇرنى كۈتكەندەك،
ماڭا سۆيگۈ سۈپەت يامغۇر ئېلىپ كەل، مەن تامان كەلسەڭ .
قۇياشىم ئىككى بولدى، دەپ قىلارمەن بارچىگە جاكار،
سەھەر كەلسەڭ، يەنە چولپان بولۇپ كەل، مەن تامان كەلسەڭ،
ئەگەر كەتسەڭ، ھىدىڭ قالسۇن غېرىبخانەمدە ھىدلاشقا،
گۈزەل ھۆسنۈڭ كەبى گۈللەر تېرىپ كەل، مەن تامان كەلسەڭ .
مېنى ئۇخلاتمىغان دەردىڭ سېنىڭ ھۆسنۈڭ بىلەن پۈتكەي،
ئۆلەر بولدۇم، ماڭا دەرمان بېرىپ كەل، مەن تامان كەلسەڭ .

* *

قۇياش، توختا، چاپاي مەنمۇ، سېنىڭ كەينىڭدە قالغۇم يوق،
ماڭا ساپ كۈندۈزلۈك لازىم، كېچەڭگە كۆرپە سالغۇم يوق .
كېچە تەھقىق قېرىلىقكىم، ئۆلۈم ھەم شۇ تۆشەكىڭدە،
ئالاي چەكسىز ئۆمۈر بەرسەڭ، ئۆلۈمنى ئەمما ئالغۇم يوق .

سىنىڭ پارچەڭ بولاي مەنمۇ، كۆيەرگە مەڭگۈلۈك چوغ بەر،
چىراغدەك پەرلىسە يانغان مىنىڭ بىر دەمگە يانغۇم يوق .
سىنىڭدىن ئۆزگە ئىنسانىنى ئۆلەيمەن باشپاناھ تۇتسام،
سىنىڭ خۇلقۇڭدا چىققانىنىڭ يەنە كەينىدە ماڭغۇم يوق .
دىگەيمەن ئۇشبۇ ئالەمگە تۇمەن نۇقسان بىلەن كەلدىم،
مىنى ھەر نە دىسەڭ مەيلى، ئۇنىڭدىن قىلچە تانغۇم يوق .
ئىچىڭنى ئوڭشىماي ئوڭلۇق بولۇش تەس دەيدۇ بۇ دۇنيا،
يوقال ئىللەتلىرىم، ئەمدى مىنىڭ توزدەك بويالغۇم يوق .
ماڭا ئالەمنى بەرسەڭمۇ نىسۇەڭدۇر قۇچاقلا دەپ،
قۇياش، ئاڭلا، بۇ دۇنيادا سىنىڭ پەيزىڭگە قانغۇم يوق .
ئەجەب بەرمەيتىكەن تەڭرىم جىمىگە سەنچە خىسلەتنى،
يەنە كەلمەك نىسىپ بولسا، شۇڭا قايتا يارالغۇم يوق .
ياشاپ قانغايمۇ بۇ جىسمىم، تۇمەنلەپ قالدى خام سويمام،
خەمەك پىشماس پىلەكلەرنى مىنىڭ ئارتۇقچە يايغۇم يوق .
سىغىندىم بىر ساڭا قۇت دەپ تالاينى ئەگىشىپ ئاخىر،
سىنىڭدىن ئۆزگە، چىنپۇتكىن، مىنىڭ ھىچ يەرگە بارغۇم يوق .

*　　　*

گۈلۈم، راستمۇ، بىراۋلاردىن پۇشايمانىڭنى ئاڭلايمەن،
كىبىر ۋەجىدە ھەركىمدىن كۆڭۈل زارىڭنى ئاڭلايمەن .
كۆزىڭگە ئىلمىغانلاردىن مىنىڭ ئاغرىنغىنىم يوقتۇر،
ئېيتار بولساڭ يەنە بۇندا، ئەرز ـ دادىڭنى ئاڭلايمەن .
سىنىڭ ئالدىڭغا بارماققا تەرەددۇت ئەيلىدىم قانچە،
«ۋاپاسىز» دەپ بىراق ئەلدىن يامان نامىڭنى ئاڭلايمەن .
مىنىڭ كۆز ياشلىرىم تۇتتى دىمەيمەن ئەسلا ھەر جايدا،
ئۆزۈڭمۇ ئەكسىچە كۆز ياش تۆكۈپ ھالىڭنى ئاڭلايمەن .
مىنى قان يىغلىتىپ تاشلاپ كىتىپ، قىسقان گۈلۈك قايسى؟
تالاي شاخلاردا تاڭ ئاتقان قارارگاھىڭنى ئاڭلايمەن .

مېنىڭدىن ياخشىنى تاپماق ساڭا ئاسانغا چۈشكەيمۇ؟
شۇڭا ھەر تۈندە سەن ياقتىن پىغان ـ ئاھىڭنى ئاڭلايمەن .
يىراقتا شارقىراپ دەريا، بويىدا بەلكى بىر سەن بار،
ئىزىم قالغان جىمى جايدا يەنە بارىڭنى ئاڭلايمەن .
خاتالار ئۆتمىگەن كىم بار ئەزەلدىن ئەھلى ئىنساندىن،
خاتالار كەينىدىن ئەپسۇس ـ پۇشايمانىڭنى ئاڭلايمەن .

*　　　　*

كېلەرىڭدىن كېتەرىڭ تېز، مېنى كۆيدۈرگىلى كەپسەن،
ئۈمىد ئۆرتەلدى جىسمىمدا، مېنى ئۆلتۈرگىلى كەپسەن .
ۋىسال شامىغا شەك چۈشتى، بورانغا ئايلىنىپ ھىجران،
ئۆزۈڭسىز بۇ جۇدالىقتا يەنە كۆندۈرگىلى كەپسەن .
مۇھەببەت مەكتىپى ئىچرە ئۆزۈم بىر مۇدەررىس تۇرسام،
مۇھەببەت نە، مۇشەققەت نە، ماڭا بىلدۈرگىلى كەپسەن .
ئۈچۈرۈڭنى ئۇقۇپ ئەلدىن، بەخت دەرياسىغا سالغان
يېتىم كېمەمنى مەزگىلسىز، نېتەي، كۆمتۈرگىلى كەپسەن .
چۈشۈمگە گەر كىرىپ قالساڭ، يۈرەتتىم ياخشىغا جورۇپ،
كۆرۈنمەس ياخشىلىق سەندە، ياماندەك يۈرگىلى كەپسەن .

*　　　　*

كۆڭۈل مۈلكۈم ئارا، دىلبەر، ئۆزۈڭ دۇر ـ زەر بولۇپ چىقتىڭ،
ھىدىڭدا مەست ـ بىھوشمەنكىم، ئىپار ـ ئەنبەر بولۇپ چىقتىڭ .
جاھاندا بارمىدۇر ئۆزگە يەنە شېرىن سۇخەن سەندەك،
گويا يۈرگەن يېرىڭ جەننەت، ئۆزۈڭ كەۋسەر بولۇپ چىقتىڭ .
دېدىم: مەنچۇن بىرەر تۈن يوق تولۇنئاي چىقمىغان بۇندا،
ماڭا ئاي سەن دېسەم، ھەر تۈن يەنە ئەختەر بولۇپ چىقتىڭ .
بىراۋلار تۆت قۇلاق ئىزدەپ يۈرەر باغۇ چىمەنلەردىن،

ماڭا ھاجەت ئەمەس بۇ ئىش، ئۆزۈڭ گۆھەر بولۇپ چىقتىڭ .
جاھان ئىپىسلىرى ئىچرە سىنىڭدىن ئۈزلىرى قايدا؟
سىنى تاغلارغا ئوخشاتسام، تۆگەل مەرمەر بولۇپ چىقتىڭ .
تالايلار تەمشىشىپ تاڭلاي تامام ھەسرەت بىلەن قالدى ،
سەۋەب: سەن ئاخىر مەڭگۈ ماڭا دىلبەر بولۇپ چىقتىڭ .
كۆزۈڭدە بىر قىلىچ بار دەپ قىلىچلاشماققا كەلگەنلەر
يىگىلدى بىر قىلىچ ئۇرماي، دىمەك، شەمشەر بولۇپ چىقتىڭ .
سۇمۇرسە كۇھقاپ، مەنچۇن ئۆزۈڭنى ئاتقىنىڭ راستتۇر ،
ئىلشتىڭ جۇت بىلەن قانچە، يىگىپ قەيسەر بولۇپ چىقتىڭ .

*　　　*

قاتتى مۇشكۇلدىن بىشىم، ئاسمانغا يوللار بارمىكىن،
بولدى كور يىغلاپ كۆزۈم، ھاسامغا يوللار بارمىكىن؟
كۆكتە بولسا گەر ۋىسال، ھىجران ماڭا نە تارتقۇلۇق،
چىققىلى يۇلتۇزغا مەن ئاسمانغا يوللار بارمىكىن؟
يىغلىسام ھالىمغا ھەجۇ ئەيلىدى كۇندۇزدە كۇن،
مەن باراي يار كەل دىسە، ئاخشامغا يوللار بارمىكىن؟
يارنى ئويغاتقاي بىرىپ ئاشىق ئاۋازى ھەر كىچە،
مەن بارالمايمەن، سوراڭ، ناخشامغا يوللار بارمىكىن؟

*　　　*

يېتەكلەرگە مىنى كىم بار، قارارگاھىمنى ئىزدەيمەن،
سوراپ بىر - بىر ئاراڭلاردىن لىۋەن يارىمنى ئىزدەيمەن .
كۆزۈم ئاسماندا ھەر كۆكلەم بىشىمدىن تۇرنىلار ئۆتسە،
«توشۇپ ئاغزىدا سۇ بەرگەن» قەدىردانىمنى ئىزدەيمەن .
مىنىڭ بەختىمنى گۈللەرگە ئورالغان دەيدۇ قۇر ئاچسام،
گويا بىر باغدىكەن يارىم، گۈلىستانىمنى ئىزدەيمەن .

سۆيەلمەي مەشۇقىن ئازمۇ يىگىت ئارماندا جان ئۈزگەن،
ماڭا مەيلى بۇ هال، چۈنكى شەرەپ ـ شانىمنى ئىزدەيمەن .
جاهان دانالىرى كۆرسە، ئۈنىڭدىن دەرس ئالار بەلكىم،
سۆزى، جىسمى تامام بايلىق ـ ئەقىل كانىمنى ئىزدەيمەن .
چۈشۈمدىن ئويغىتار هەر تۈن ئىشق باغىدا بىر بۇلبۇل،
سەهەردىن كەچكىچە مەن شۇ غەزەلخانىمنى ئىزدەيمەن .

*　　　　*

ساڭا مەن تۈن ـ كېچە كەلمەي، نېتەي، دۈشمەنلىرىم تۇرسا،
دېرىزەڭنى كېلىپ قانداق چېكەي، دۈشمەنلىرىم تۇرسا؟
قالۇرمەن تاش ـ بوران ئىچرە ئۇلارغا هەر كۆرۈنسەم گەر،
كوچاڭدىن قايسى تەقلىدتە ئۆتەي، دۈشمەنلىرىم تۇرسا؟
زۆرزۇر بولسا دىدارىڭنى ئەگەر دۇر ـ زەر بېرىپ كۆرمەك،
مۇرادىمغا يەنە قانداق يېتەي، دۈشمەنلىرىم تۇرسا؟
ئىزىمنى پايلىغانلارمۇ يولۇمدا ياۋ بولۇپ ياتتى،
كېلىپ قاي يول بىلەن قانداق كېتەي، دۈشمەنلىرىم تۇرسا؟
پاداڭنى باققىلى رازى ئىدىم يىللاپ مەهەللەڭدە،
ساڭا قانداق يىراقتىن خەت پۈتەي، دۈشمەنلىرىم تۇرسا؟
كېلۇرسەن قايسى مەزگىلدە، سېنىڭ پەسلىڭنى بىلمەيمەن،
ئۆزۈم تەنها قاچان، قانداق كۈتەي، دۈشمەنلىرىم تۇرسا؟

*　　　　*

يىغلىدىم تەڭرىمگە قايتا بىر گۆدەك بولغۇم كېلىپ،
مەيلى هاكىم، مەيلى شاھ، يا قۇل ـ دېدەك بولغۇم كېلىپ .
مەن ئۇزاق ئارمانغا ئاشنا يۈرگىنىمنى ئەل بىلۇر،
تاغدا قارىغاي بولمىسام، باغدا تېرەك بولغۇم كېلىپ .
مەن ئۈچۈن بىر جۈپ چىراغدەك ياش تۆكۈلمەس كۆز كېرەك،

يارىلاي دەيمەن يەنە قورقماس يۈرەك بولغۇم كېلىپ .
مەڭگۈ ياش تۇرسام جاھاندا، سۇلمسام دەيمەن ئەبەد،
بارچە باغدا ياكى غۇنچە، يا پورەك بولغۇم كېلىپ .
ھەرىلەرنى ئويلسام ھەر كۈن ھەسەل يۈرگەن يىغىپ،
بىر ئىشقتا ئۆرتىنەرمەن، ملك كۆنەك بولغۇم كېلىپ .
شەربىتي قوغۇن يېسەم، يەردىن شەرەپ تاپقۇم كېلۇر،
بارچە ئارزۇدىن كېچىپ، ئاددىي چۆنەك بولغۇم كېلىپ .
كەتمىنىم تاشلىقنى كولايدۇ قىياسەن كەچكىچە،
سىغىنىپ بوستاننى، ھەر جايغا ئورەك بولغۇم كېلىپ .
ئەھدە قىلدىم ئۆز ـ ئۆزۈمگە كىرگىلى قۇل قوۋمغا،
كىم يىقىلسا قىڭغىيىپ، شۇئان يۆلەك بولغۇم كېلىپ .
ئەسكە يەتسە زاغرا يەپ ئۆتكەن جاپاكەش يىللىرىم،
كەلدى باي بولغۇم مىنىڭ ئەمدى كۆرەك بولغۇم كېلىپ .
توۋا قىلماي، بەيگىلەرنىڭ كەينىدە قالدىم شۇڭا،
بارچىدىن ئەقلۇ كارامەتتە زىرەك بولغۇم كېلىپ .

*　　　*

سەن ئۆزۈڭدىن زارلىغىن ئاۋۋال، زاماندىن زارلىماي،
قايرىلىپ ئارقاڭغا باق، ياخشى ـ ياماندىن زارلىماي .
ئەجىرسىز قىلغان ئەقىدەڭدىن ساڭا ئامەت قېنى
ئاغرىنىپ چەش بەرمىگەن نامرات خاماندىن زارلىماي .
بۇ جاھان بوھرانلىرى بىزگە سىناقۇ ئىمتىھان،
لەگلەكنى تىللىما، ئەشكەن تاناڭدىن زارلىماي .
قاردا قالماقنىڭ سەۋەبى قىش ئەمەس، بەلكى ئۆزۈڭ،
ئەسلا يولدىن زارلىما، قاتقان چاناڭدىن زارلىماي .
چالما ئاتتىڭ قايسى لايغا، شۇ سىنىڭ بۇلغانغىنىڭ،
كۆر ئۆزۈڭدىن، كايىغان ھەقلىق ئاناڭدىن زارلىماي .
كىم كېيىن، كىم ئىلگىرى ئۇشبۇ ھايات دۇنياسىدا؟

زارلىغاي كىمدىن قۇياش، بىزدەك ناداندىن زارلىماي؟!
بەل يارالغان بىز ئۈچۈن جەڭلەردە چىلك باغلانغىلى،
ئەك ئاۋۋال خىللا ئىپتىگنى، سەن داۋاندىن زارلىماي .
ئۆز - ئۆزۈڭنى قىل سوراق بۆكۈڭنى ئالدىڭغا قويۇپ،
بىر بوۋاق كەينىدە يۈرگەن بالاڭدىن زارلىماي .

* *

بۇ جىنىمنى بەرگىلى تاس قاپتىمەن، يارىم دىسەڭ،
سەن تۇپەيلىك ھەپتە، ئاي ئاچ قاپتىمەن، يارىم دىسەڭ .
بۇندا قويغان - تۇتقىنىمنى قانچە كۈن بىلمەي يۈرۈپ،
تاسقىغان ئۇننى يەنە تاسقاپتىمەن، يارىم دىسەڭ .
باللىرىمغا بەرمىگەن ئۆرۈكلىرىم كەتتى ساڭا،
تاك سەھەردە ئىرغىتىپ، قاق ساپتىمەن، يارىم دىسەڭ .
سەن ئۈچۈن يۈگۈرۈپ يۈرۈپ گويا دىبدەكتەك بىر ئۆمۈر،
يىقىلىپ دوقمۇشتا بىر، ئاقساپتىمەن، يارىم دىسەڭ .
كىم قويۇپتۇ كۆنچىلىكنى، سەن مىنى سۆيمەي تۇرۇپ،
ئۆزگىلەردىن قىزغىنىپ قاقشاپتىمەن، يارىم دىسەڭ .
يەتتە ئىقلىمغا سىنى مەدداھ كەبى ماختاپ يۈرۈپ،
سەندە گەپ يوق، بۇندا مەن داپ چاپتىمەن، يارىم دىسەڭ .
مىنى ئازدۇردى نادانلىق، مىنى ئازدۇردى ئىشق،
ۋاي ئىسىت، ئاق نان بىلەن ئاشلاپتىمەن، يارىم دىسەڭ .
كۆرۈنۈپ كەتتىك كۆزۈمگە بارچىدىن دانا ئەجەب،
شۈكرىكىم، يۈر دەپ سىنى قاچماپتىمەن، يارىم دىسەڭ .
ساقلىدى تەڭرىم يەنە تاغدەك كۈپۈرلۈقتىن مىنى،
كەچكىلى يۈرتتىن ئىبغىز ئاچماپتىمەن، يارىم دىسەڭ .
بىۋاپانى كۆرمىگەچكە سەن كەبى بۇ ياش بىشىم،
گۈل سۈپەتلەرنى تالاي تاشلاپتىمەن، يارىم دىسەڭ .

*　　　*

بۇ ئىشقىنىڭ دەردىنى تارتقان كىشىلەر ئازمىدۇ؟
دەردۇ غەملەردىن بېشى قاتقان كىشىلەر ئازمىدۇ؟
ئاق قورايدەك ئۆرتىنىپ ئارمان ئوتىدا بىر ئۆمۈر،
بۇ قارا يەر ئاستىدا ياتقان كىشىلەر ئازمىدۇ؟
ئاغرىماس باشلارغا ئاغرىق ئەسلىي ھىجراندىن كېلۇر،
ئۆز ـ ئۆزىگە بىر بالا تاپقان كىشىلەر ئازمىدۇ؟
تاڭ سەھەردە تەڭرىدىن تەلەي تىلەش بىزنىڭ ئۇدۇم،
تەقدىرىدىن كۇندە قۇر ئاچقان كىشىلەر ئازمىدۇ؟
بۇ ۋىسالنى ئويلىماڭ تەييار ھەسەل دەپ ھەرقاچان،
ھەرە بار دەپ ئاڭلىسا، قاچقان كىشىلەر ئازمىدۇ؟
ئۇندى دەپ كۆك شۇمبۇيا سۆيگۈ پىلەك يايماي تۇرۇپ،
ئۆز ـ ئۆزىنى بىمەھەل ئاتقان كىشىلەر ئازمىدۇ؟
قايدا ھىجرانسىز مۇھەببەت، قايدا قۇزغۇنسىز ۋىسال؟
كۆز يېشى كەلكۈن كەبى ئاققان كىشىلەر ئازمىدۇ؟

*　　　*

«سەن چىمەننىڭ گۈلى بولساڭ، مەن چىمەننىڭ بۇلبۇلى،
سەن چىرايىڭغا ئىشەنسەڭ، مەن خۇدايىمنىڭ قۇلى.»
مېنى قۇدرەت قۇل ياراتتى، سېنى دۆلەتمەن قىلىپ،
نەدىدۇر، سەندىن سوراي: مەندەك بىتەلەينىڭ يولى؟
تۇندە ئايغا، ئاتسا تاڭ، ئۆتكەيمۇ كۇنگە تەلمۈرۈپ،
چۆلدىكى يالغۇز ياغاچتەك بۇندا ئاشىقنىڭ كۇنى.
ئالما بەرسەم ئالمىدىڭ، بەلكىم پېشانەم كاج مېنىڭ،
بارمىدۇ ئالەمدە بىر مەندەك قەدىرسىزنىڭ خىلى؟!

*　　　*

جاھاندا ئەتە جەننەتنى كۆرەرگە ئالدىراپ كەتمە،
تامام ھۆرلەر ئارا ئويناپ يۈرەرگە ئالدىراپ كەتمە.

ئوتۇننىڭ بارچىسى كۆيمەي، تونۇرلار قىزىغان قايدا؟
ئۆزۈڭ تەنھا تونۇر ئىچرە كۆيەرگە ئالدىراپ كەتمە .
كۆزۈڭگە خوپ كۆرۈنگەنلەر ساڭا ھەر ناز قىلۇر بەلكى،
سىنى سۆيمەي تۇرۇپ، ئاۋۋال سۆيەرگە ئالدىراپ كەتمە .
كىلەر شەيتان قىشىڭغا «دوست» دىگەن شەربەت بىلەن بەلكىم،
ئۇنى بىلمەي، يۈرەكىڭنى بىرەرگە ئالدىراپ كەتمە .
ئىتىڭنىڭ ئالدىدىن چۆپنى ئېلىپ قاچمايدۇ دەمسەن ئۇ،
چۈشۈپ خىلۋەتتە، ئۆتەڭدە تۈنەرگە ئالدىراپ كەتمە .
قالۇرسەن بەلكى زار يىغلاپ، كۆڭۈلنى بىمەھەل بەرسەڭ،
نىگارىم دەپ كۆرۈنگەننى، كۈلەرگە ئالدىراپ كەتمە .

*　　　*

بۇ دۇنيانىڭ كىزەرگە چۆل، چىكەرگە غەملىرى باردۇر،
كىيەرگە تون، ئىچەرگە سۇ، يەنە زەمزەملىرى باردۇر .
چىمەن دەپ ئويلىما دائىم ئاياغىڭ دەسسىگەن جاينى،
يىقىتماققا سىنى دەللەپ تىكەن ـ مەرگەنلىرى باردۇر .
تەسەللى بەرگىلى بىزگە يارالدى ناخشىلار دەيمەن،
يۈرەكىڭ ئاغرىسا، بۇندا شىپا مەلھەملىرى باردۇر .
سۆيەردە باغرىنى ياققان يىنىڭغا ياخشىلار ھازىر،
يامانلار ئاغزىدىن ئاقمىش يەنە بەلغەملىرى باردۇر .

*　　　*

ئاسقىلى بوينۇمغا تەييارمەن تۇمارىم دەپ سىنى،
جار سىلىپ يۈردۈم جىمى ئەلگە مۇنارىم دەپ سىنى .
ئىككى دۇنيالىق مۇھەببەتتە نىسۋەم سەن تۇرۇپ،
ئىرغىتار قانداقچە مايمۇن ئۆز چىنارىم دەپ سىنى؟
قورقمىدىم تۈنلەردە قالسام ئاي تۈگۈل يۇلتۇزمۇ يوق،

بىر ساڭا قىلغاچ ئىشەنچ مەشئەل بولارىم دەپ سېنى .
مىڭ پەرى سۆيگەن بىلەنمۇ بىر سېنىڭ كۈلكەڭچە يوق،
كىلىمەن سەنسىز شۇڭا چىقماس خۇمارىم دەپ سېنى .
چارچىسام كەتمەن چېپىپ، سۇنغان سۆيۈك زەمزەم ماڭا،
جەڭگە چىقسام، بىللە ئالغايمەن قورالىم دەپ سېنى .
ئايلىنۇر ئاق نانغا زاغرا سەن بىلەن بىر جوزىدا،
داڭلىسام ئەرزىيدۇ دۇردۇنۇ تاۋارىم دەپ سېنى .

* *

بەزىلەر بەگدەك يۈرەر، ئەكسىچە نامرات بەزىلەر،
بىرلىرى ئاسماندا ئۇچتى، بولدى بەربات بەزىلەر .
بۇ جاھان گويا قىيان، ئۆردەك لېكىن توي ـ مەرىكىدە،
بىر چۆكۈپ، بىر لەيلىبان، سالماقتا پەرياد بەزىلەر .
چەك تاماكاڭنى، بۇرادەر، گاھ ئىچىپ دەردىڭنى يۇت،
بەزىلەر خەندان كۈلۈپ، توۋلايدۇ: «ۋاي داد!» بەزىلەر .
«تەڭرىدىن ۋەجى ئۈنىڭ!» دەيدۇ بىراۋدىن سورىسام،
خار يارالمىش بىرلىرى، ئەھلى پاراغەت بەزىلەر .
ئۇچقۇلارغا ھاڭۋېقىپ ھەيرانە بىز ئاسماندىكى،
قايدا ئۇچقۇ، ئات بېقىپ مىنمەيدۇ بىر ئات بەزىلەر .
ئۆز ـ ئۆزۈمنى باغلىغانمەن، سالمىساڭمۇ سەن كىشەن،
كۆردى تەقدىردىن شۇڭا ئۆلمەي قىيامەت بەزىلەر .
ئۈستىدە تەڭرىم قۇياشى نۇر چاچار تەڭ بارچىگە،
بىرلىرى سۇلغان كۆچەت، قارىغاي ۋە شەمشات بەزىلەر .
مېنى مىڭ بىر ئويغا سالدى، يار، سېنىڭ چىت كۆڭلىكىڭ،
بەزىلەر تىترەيدۇ قىشتا، كىيسە قات ـ قات بەزىلەر .
بەزىلەر كۆرمەسكە سالدى ئۆتتا كۆيگەننى كۆرۈپ،
ھەقنى، شۈكۈر، شېرىنىم دەپ بولدى پەرھاد بەزىلەر،
نەدىدۇر سۇ يۈگۈرتۈپ ئاستا سامانىنىڭ ئاستىدىن،
ئىت بىلەن، چاشقان بىلەن ئوينايدۇ يات ـ يات بەزىلەر .

*         *

كۆڭۈل بەرسەم، گۈلۈم، ئاخىر ماڭا سەن ئەسقاتارسەنمۇ؟
بىلىپ تۇرسام خىيالىڭنى، يەنە سەن قاش ئاتارسەنمۇ؟
تومۇزدا يەلپۈگەنلەرنىڭ ئاراسىدا ئەجەب سەن يوق،
مېنى دەپ قىش ـ زىمىستاندا يولۇمغا ئوت ياقار سەنمۇ؟
تاراقلاپ ئۆتتى بىر ھارۋا ئىشىكىڭ ئالدىدىن تۈندە،
مېنى يارىڭغا ئوخشاتماي، يەنە ئۇخلاپ ياتارسەنمۇ؟
ئەگەردە تۈگۈلۈكۈڭدىن ئاي بولۇپ باقسام جامالىڭغا،
شۇئان ياققان چىراغلاردەك چۆچۈپ كۆزۈڭ ئاچارسەنمۇ؟
سېنى كۆرمەككە تەشنادۇر چىرايلىق رەستىلەر، باغلار،
ئۆيۈڭنىڭ تۈگۈلۈكى تاركەن، قولۇڭ تارتسام، پاتارسەنمۇ؟
بىرى كەتسە، بىرى ئىزدەپ يۈرەر ئەسلىي ئىشق ئەھلى،
كۆزۈڭدىن كۆن نىرى بولسام، مېنى ئىزدەپ تاپارسەنمۇ؟
شاياتۇن كەينىگە كىرسەڭ، ھەسەتخورلارغا ھەمدەمسەن،
مېنى چاپ دەپ ئەگەر دۈشمەن قىلىچ بەرسە چاپارسەنمۇ؟
سۆيەر بولساڭ، ماڭا ئاۋۋال ۋاپانى ئىلتىپات قىلغىن،
ۋاپا دىۋانىسى دەپ يا مېنىڭدىن سەن قاچارسەنمۇ؟

*         *

بىر ئۆزۈڭنى ياد ئېتىپ ئويغاق ياتاي سەن كەلگۈچە،
تاڭ سەھەر تورغاي بولۇپ قوشاق قاتاي سەن كەلگۈچە .
ئاينى كۆرسەم تۈندە، بۇندىن سەن كۆرۈنگەيسەن ماڭا،
مەن ئۆيۈمدىن ئاي ئۈچۈن تۈگلۈك ئاچاي سەن كەلگۈچە،
كۈنگە باقتىم كۈندۈزى كۆيدۈرسىمۇ، يار ھۆسنى دەپ ،
مەن تەسەللىنى ئۆزۈم شۇندىن تاپاي سەن كەلگۈچە .
سەن راۋا كۆرسەڭ ئەگەردە دەريادا كۈتمەكنى سېنى،

مەيلى دەريالار ئارا يار دەپ ئاقاي سەن كەلگۈچە .
مىنى سەن قىلدىڭ قەلەندەر كەچمىشگە مۇپتىلا،
بۇ جاپا ئۆلتۈرسىمۇ، تارتسام تارتاي سەن كەلگۈچە .
تەمتىرەپ يۈرمە يەنە تەنها دىلىمنى يىغلىتىپ،
تۈندە كەلسەڭ يوللىرىڭغا شام ياقاي سەن كەلگۈچە،
قۇرچىلارغا كەتتى ۋەسلىم بىر تۈزۈك تەبىر ئۈچۈن،
ئۆز ـ ئۆزۈمگە قۇرچى بوپ مەن قۇر ئاچاي سەن كەلگۈچە .
يوق دىمە كەلمەيدۇ دەپ سەن توغرۇلۇق ئىغۋا ـ ئۆسەك،
قايدا يۈرسەم، شۇ ئۆسەكلەردىن قاچاي سەن كەلگۈچە .

*　　　　　*

كۆرمىدىم ئۆيدىن چىقىپ ئاسماندا ئايدىن باشقىنى،
كۆرمىدۇق سۇ توختىسا، ئېرىقتا لايدىن باشقىنى .
قىلدى مەھرۇم جىق ھۈنەردىن بۇ نادانلىق بىزنىمۇ،
كۆرمىدۇق موزدۇز، ئاشپەز، ناۋايدىن باشقىنى .
ئايرىيالماي دىت بىلەن ياخشى ـ يامانىنى، ۋاي ئىسست،
بىلمىدۇق ئۆلچەمدە ئەسلا «باي»، «گاداي»دىن باشقىنى .
ملك كىيسەك قۇيساق كۈنگە ماختىنىپ يۈردۇق ئۇزاق،
ئويلىماي كەلدۇق كاتەك ياڭلىغ «ساراي»دىن باشقىنى .
كىم گاداي بولسا، شۇنى دانا دىدۇق، دانىش دىدۇق،
ئىش بىشغا قويمىدۇق ئىلغاپ گادايدىن باشقىنى .
سوغ تۈيۈلدى سودىگەرلىك، ئەسلي دىھقانمىز دىگەچ،
جاننى ساتتۇق، ساتمىدۇق ئەمما قورايدىن باشقىنى .

*　　　　　*

سۈپسۈزۈك تاڭلار، گۈلۈم، بىر سەن ئۈچۈن ئاتقانمىدۇ؟
تاڭ قۇياشى نۇرىنى بىر سەن ئۈچۈن چاچقانمىدۇ؟
ئاق ئۆرۈكلەر يەرگە چۈشتى شاخلىرىدىن سەكرىشىپ،

سەن ئۇچۇن قۇشلار قاناتىدا ئۆرۈك قاقانىمىدۇ؟
يەر يۈيۈندى نەچچە رەت، تاللار تاراندى ھەر كۈنى،
بىلمىدىم، يامغۇرمۇ ھەتتا سەن ئۇچۇن ياغقانىمىدۇ؟
سەن سەۋەبلىك باشقىچە ئوخشاپتۇ ناۋاينىڭ نېنى،
يا ئۇنى مەڭزىڭگە ناۋاي ئوخشىتىپ ياققانىمىدۇ؟
ئاقتى دەريا ئۆزگىچە، ئۆركەشلىرى ئاسماندىدۇر،
مەندىن ئاۋۋال شارقىراپ دەريامۇ توي تارتقانىمىدۇ؟
ساپ ئىپار ـ ئەنبەر پۇرايدۇ سەن قەدەم قويغان ماكان،
بارچە گۈللەر تۇشمۇتۇشتىن تەك پۇراق چاچقانىمىدۇ؟
ئۇزلۇقۇڭدىن بارچە دىل سۆيگۈدە ساھىبخان ساڭا،
ئۇخلىماي تۈنلەردە مەندەك ئۇيقۇسى قاچقانىمىدۇ؟
كەپتۇ قاشلاپ شوخ شامالLارنىڭ سېنى يۇمشاق قولى،
يولدا يانتاقلار ھەسەتتە يا ساڭا باققانىمىدۇ؟
بۇ يۈرەككە چۈشتى شولاڭ سەن تېخى كەلمەي تۇرۇپ،
ماڭا ئوتنى، بىلمىدىم، تەڭرىم ئۆزى ياققانىمىدۇ؟
بىھېساب دەپ ئەلدىن ئاڭلايمەن سېنىڭ ئاشىقلىرىڭ،
گەرچە ئاشىق بولسىمۇ، مەندەك قۇچاق ئاچقانىمىدۇ؟

*　　　　*

بۇ جاھاندا مەن تىرىك يۈرمەككىمۇ ئىشقىڭ سەۋەب،
باشقا كەلگەننى يەنە كۆرمەككىمۇ ئىشقىڭ سەۋەب.
كەچ دىبسە كەچتىم قوقاسنى، ۋەجى بىر ۋەسلىڭ سېنىڭ،
كۆمسە ئوتلارغا بىراۋ، كۆنمەككىمۇ ئىشقىڭ سەۋەب.
مېنى سەۋدايى دىدى، مەجنۇن دىدى دۈشمەنلىرىم،
قانچە تۆھمەتلەردە مەن كۆيمەككىمۇ ئىشقىڭ سەۋەب.
بىر سۆيۈشكە ئەرزىمەس ئاي، كۈنچە دىلبەرلەر ماڭا،
بىر سېنى ئالەمدە ئۇز بىلمەككىمۇ ئىشقىڭ سەۋەب.
مەيلى چامىم يەتمىسە، ئۆلسەم ئىشق قۇربانى مەن،

دىۋىلەرگە قارشى يەك تۇرمەككىمۇ ئىشقىڭ سەۋەب .
قاپتۇ تاھىردىن ماڭا بۇ ئىشقىي سەۋدالىق مىراس،
ئىككى دۇنيالىق سىنى سۆيمەككىمۇ ئىشقىڭ سەۋەب .
ئالدىنى توسسام بىراۋلارنىڭ ساڭا گەر ئوخشىتىپ،
ئەل مېنىڭدىن شۇ ھامان كۈلمەككىمۇ ئىشقىڭ سەۋەب .
كۆز غازاڭ تۆككەن دەرەخلەر سالدۇ تەشۋىش ماڭا،
شۇ تۆپەيلى ھەر خىيال سۈرمەككىمۇ ئىشقىڭ سەۋەب .
يەتسە قىش ئۆمرۈمگە گەر ۋەسلىڭ نېسىپ بولماي ماڭا،
ئەتىمالىم، قان يۇتۇپ ئۆلمەككىمۇ ئىشقىڭ سەۋەب .

*　　　*

ئاتقا ئاش ــ نان، ئىتقا ئوت سالسام، ئەيىبكە بۇيرۇماڭ،
گەپ ــ سۆزۈمدە مەست كەبى چانسام ئەيىبكە بۇيرۇماڭ .
ھەق ئەمەسمۇ يارنى دەپ بۇ كويدا ھەر نە بولمىقىم،
شۇ سەۋەب سەۋدايى بوپقالسام، ئەيىبكە بۇيرۇماڭ .
گاھ قىزىلگۈل كۆرۈنەر بۇلبۇلغا ئازغان ئازدۇرۇپ،
بىر سەتەڭنىڭ كەينىدىن ماڭسام ئەيىبكە بۇيرۇماڭ .
بۇ ئىشق غوۋغاسىدا كەلمەكتىدۇر ئالەم، شۇڭا
گاھ ئىچىپ يار دەردىدە قايسام، ئەيىبكە بۇيرۇماڭ .
جىلۋە قىلماڭ، نازىنىنلار، گۈلچە يارىم بار مېنىڭ،
سىزگە قىلغان لەۋزىدىن يانسام، ئەيىبكە بۇيرۇماڭ .
يار يولىغا تەلمۈرۈپ، ئاي ــ ھەپتە قالدىم ناشتىسىز،
ئالدىڭىزغا نان تىلەپ بارسام، ئەيىبكە بۇيرۇماڭ .
ئوخشىتىپ يار قەددىنى نازۇك بەدەن كىملەرگىدۇر،
يات ئىشكىلەردە ئوتۇن يارسام، ئەيىبكە بۇيرۇماڭ .
كەلسە يارىمدىن ئۈچۈر، يۈرتنى بېشىمغا بىر كىيىپ
ئۇخلىماي تۈنلەردە داپ چالسام، ئەيىبكە بۇيرۇماڭ .

*          *

گۈلۈم، ئاخىر قۇياش ياڭلىغ سېخىي دەۋرانغا يەتكەيسەن،
جاھاندا بارچىدىن ئاۋۋال ئۈزۈك ئارمانغا يەتكەيسەن.
سېنى قىلدىم قىياس قۇش چېچىلغان رىزقى چۆللەرگە،
ئىلاھىم، ھەر كۈنى بەختىڭ ئۇچۇن مىڭ دانغا يەتكەيسەن.
كېتەر بولساڭ مېنى مەيلى ئىشق قىيناقىغا تاشلاپ،
تىلىم قارغىشقا بارغايمۇ، يەنە جانانغا يەتكەيسەن.
تۇگەل ئامەت بىلەن ئۆتسۇن بۇ پانىي پۇتكۈچە ئۆمرۈڭ،
باشاق تەرمەككە قۇل بولماي، تامام خامانغا يەتكەيسەن.
ئېسىپ ئازغاننى بوينۇڭغا يۇرەرگە قامىتىڭ زايە،
شۇڭا تەقدىردە زەر، ياقۇت ۋە يا مارجانغا يەتكەيسەن.
مۇساپىر كەپسى مەيلى تۇگەل بىر مەن بىلەن كەتسۇن،
ئېگىز ئاسمانغا بوي تارتقان ساراي ـ ئايۋانغا يەتكەيسەن.

*          *

بۇ جاھاندىن كەتكۈچە كىم بار خىيال سۈرمەيدىغان؟
ئوي ـ خىياللار كەينىدە كىم بار يەنە يۈرمەيدىغان؟
گاھ ئىشلىك ئاشكارا، دوستۇم، گاھ ئىشلىك خۇپيانىدۇر،
كور ئەمەستۇر شائىرلىك ئەمما ئۇنى كۆرمەيدىغان.
يارغا تاپشۇرغان يۈرەكنىڭ سەيلىدە ئوندىن بىرى،
توققۇزى بەلكىم مۇھەببەتتۇر ئەبەد ئۆلمەيدىغان.
ئەمما ئىنسان بىر نادان مەخلۇقكى كۆڭلى بىقارار،
تەڭرى بەرگەن رىزقىغا تاغ بولسىمۇ كۆنمەيدىغان.
شۇ سەۋەب بىرسى يۈرەر سەندىن جىمنى قىزغىنىپ،
كېيىنەك ئۇ بارچە گۈلدىن كۆڭلىنى ئۈزمەيدىغان.
بىرلىرى ئاسىي ئۆيىگە، ھەر كۈنى جۇپلەردە جەڭ،
كۆرمىدۇق بىر يول تېخى ئۇ جەڭدە ئۇي گۈللەيدىغان.

چاچ سوقۇپ يۇرگەن جۇۋانلىڭ خوپ دېمەك خۇي ـ پەيلىنى،
بىر چىقىپ كەتسە تالاغا، ھەپتىلەپ كىرمەيدىغان .
نەس كۆكۈل يۇرگەن بۇلۇڭدا پەس ئاياغ ئاۋازىدۇر .
يات بۇلۇڭلاردىن نىسۋە ئىت كەبى ئىزدەيدىغان .
بىر بېسىپ، ئىككى بېسىپ ئۆجمە كۆكۈللەر كەينىدە،
بار ئىبرۇر شەيتان سىنىڭ پەنتىڭنى ھەم كۆزلەيدىغان .
ئاپىرىدە بوپتۇ شۇڭلاشقا ئىشەنچ ئاغرىپ، ئۆلۈپ،
بىر ـ بىرىنى بىرلىرىدىن ھەر كۈنى كۈنلەيدىغان .

*　　　　*

بىلمىدىم نە ئىش، مېنىڭدىن سەن قۇسۇر ئىزدەپ ھەلەك،
ئوقنى ئەل دۈشمەنگە ئاتسا، سەن مېنى كۆزلەپ ھەلەك .
دوستلۇقۇڭ يالغان سىنىڭ، قەلبىڭدە قايناپدۇ ھەسەت،
ئۆرە قىلسام تەستە تۆت تام، سەن ئۇنى تۈزلەپ ھەلەك .
تۈلكە ئالسا بۇركۇتۇم، ئۆلمەي تۇرۇپ چىقتى جېنىڭ،
كىم ئىشەندى شۇ گېپىڭگە، سەن ئۇنى سۆزلەپ ھەلەك .
بۇ ئىجادنىڭ ئىمتىھانى سىر ئەمەسقۇ بارچىگە،
ئالغىنىڭ ئەللىك نومۇركى، سەن ئۇنى «يۈز!» دەپ ھەلەك .
ئەل باسار تامغاڭنى دۇمبەڭگە يامان ـ ياخشى دېگەن،
شۇنى بىلمەي سەن ئۆزۈڭنى بارچىدىن ئۈز دەپ ھەلەك .
بار ئىمىش ئورماندا بىر قۇش سەت سۇلەيسۇن نامىدا،
ئۆزىنى يۈز خىل بوياپ، ئۆز ـ ئۆزىنى توز دەپ ھەلەك .
سەنمۇ دائىم ماختىنىپ جەمئىي گۈزەلنىڭ نامىدا،
توۋا دەيمەن، ئەرزىمەس نامىڭنى قۇندۇز دەپ ھەلەك .
نە پاراغەت، نە ھۇزۇر، چاچقان نۇرىڭنىڭ تايىنى يوق،
سەن ئۆزۈڭنى گاھى چولپان، گاھى يۇلتۇز دەپ ھەلەك .

*　　　*

بۇ كۆكۈلنى، دىلبىرىم، كىمگە سۇنايمەن سەن تۇرۇپ،
بۇ ۋىسالنى سۆيگۈدە كىمدىن سورايمەن سەن تۇرۇپ؟
سەن قۇچاق ئاچماي تۇرۇپ كەلدى قىزىلگۈلنىڭ ھىدى،
مەن قىزىلگۈلنى، دېمەك، كىمدىن يۇرايمەن سەن تۇرۇپ؟
بىر كۆرەي دەپ تەستە تاپتىم مەن ھۇزۇرۇڭنى سېنىڭ،
كەچ كىرىپ قايتالمىسام، قايدا قونايمەن سەن تۇرۇپ؟
يا قارارىڭ ئۇقمىسام، ياكى قولۇڭنى تۇتمىسام،
گەپ- سۆزۈڭ يوق،«كەت!»دېسەڭ، قانداق ئۇنايمەن سەن تۇرۇپ؟
چىللىغانلار بولدى كۆپ، مەكتۇپ ئەۋەتتى، بارمىدىم،
قايسىبىر يەردە يەنە مېھمان بولايمەن سەن تۇرۇپ؟
تەڭرى بۇيرۇپتۇ سېنىڭدىن بىر نىجاتلىقنى ماڭا،
ئىچمىسەممۇ ھەيتە سۇ، قانداق سولايمەن سەن تۇرۇپ؟
ئالتە پاقلان باقىنىم بىر سەن ئۈچۈندۇر، لاپ ئەمەس،
بۇ شەھەردە، ئېيتقىنا، كىمگە سويايمەن سەن تۇرۇپ؟
باقمىساڭمۇ بىرمەھەل، مەيلى دېمەككە چارە يوق،
ئۆزگىلەرنىڭ ئالدىنى قانداق تولايمەن سەن تۇرۇپ؟
قانچىلار مەندىن تالاشتى، بەرمىدىم، بىلدىڭمىكىن،
كىرلىرىمنى بىر ئۆزۈم قانداق يۇيايمەن سەن تۇرۇپ؟
ئەلگە يالغان، ماڭا راست بەختىمنى سەندىن كۈتكىنىم،
بۇ خۇيۇمنى ئۆلگۈچە قانداق قويايمەن سەن تۇرۇپ؟

*　　　*

كىم سېنى مەندىن تالاشسا، شۇ ھالاكتۇر ئاقىۋەت،
ئۆزى توزغاقتەك توزۇپ، پۇشتى خارابتۇر ئاقىۋەت.
بولغۇسى ھەر كۈن سازايى خەلقئالەم ئالدىدا،
بولسىمۇ ئايدەك يۈزى، ئىتقا يالاقتۇر ئاقىۋەت.
كىم سېنى مەندىن تالاشسا، تاڭلا تەڭرىمدىن كۆرەر
رەڭگى - رۇخسارى تۇرۇپ، گوياكى قاقتۇر ئاقىۋەت.

گەپ ـ سۆزى ئۆتمەيدۇ ھەرگىز ئالدىدا ھەق سودىنىڭ،
مىڭ باھانە تاپسىمۇ، ئۆزى پالاقتۇر ئاقىۋەت .
ئەل تۇكۇرمەمدۇ بىراۋنىڭ يارىنى يارىم دېسە،
ياخشى گەپكە كۆنمىسە، جايى قاماقتۇر ئاقىۋەت .
قايغۇرۇپ يۈرمە، گۈلۈم، ھەرگىز جۇدالىق يوق ساڭا،
بۇ ۋىسال دۈشمەنلىرى سۇنغان تاياقتۇر ئاقىۋەت .

*　　　　*

كەل دېمە، كۆڭلۈم، سېنى سۆيمەيدىغاننى كەل دېمە،
ئايدا ـ يىلدا بىر كېلىپ كۆرمەيدىغاننى كەل دېمە .
كۆيگىنىڭنىڭ كۆڭلى نەدە، كۈنلىمە بىلمەي تۇرۇپ،
تۆت يېقىڭدا چوغ بولۇپ كۆيمەيدىغاننى كەل دېمە .
سەن ۋاپادىن ناخشا ئېيتساڭ، جور بولامدۇ بىۋاپا،
گەپ ـ سۆزۈڭگە شۇ سەۋەب كۆنمەيدىغاننى كەل دېمە .
ياخشىلىق كۆرمەس كىشى سۆيمەس نىگارغا يالۋۇرۇپ،
ياخشى يارنىڭ قەدرىنى بىلمەيدىغاننى كەل دېمە .
ئاھ ئۇرۇپ يۈرمە، نادان، كەتكەن بىراۋنىڭ كەينىدىن،
يۈر دېگەندە سەن بىلەن يۈرمەيدىغاننى كەل دېمە .
ئاينىغاندا قۇرغۇيۇڭ كەلگەيمۇ ئىندەككە يەنە،
سەن تۇرۇپ نەلەرگىدۇر ئۈنلەيدىغاننى كەل دېمە .

*　　　　*

يار، ئۆلۈمنى ئويلىما، ئاۋۋال ياشايلى ياخشىراق،
يۈرگۈچە گۈمبەز ياساپ، بىر باغ ياسايلى ياخشىراق .
ئۆزگىلەرنىڭ ئۈزلۈقىغا يۈرگۈچە ھەيران بولۇپ،
بوينىمىزغا پۇل تېپىپ زۇننار ئاسايلى ياخشىراق .
قايدا ئۈچ تارتقاي پىلەك، كەتمەن چېپىپ سۇ قۇيمىساڭ،
كۈندە تەسۋى تارتقۇچە بىر تاغ ئاشايلى ياخشىراق .

ئىككى تايىن بولمىغىن، يامغۇر تەۋەككۈلنىڭ ئىشى،
قولدا بۇغداي بولمىسا، تېرىق چاچايلى ياخشىراق .
ئوتقا سال ئەمدى پەرەنجەڭنى، گۈلۈم، يۈرمە تېنەپ،
ئەتىمىز نىڭ ئىشقىدا قوشاق قاتايلى ياخشىراق .

*　　　*

دەيدۇ تەڭرىم: يىغلىما كەتكەندە يارىڭ كەلمىسە،
كۈندە كۈتسەڭ، تاقىتىڭ پۈتكەندە يارىڭ كەلمىسە .
نائۈمىد بولما، كوچاڭدىن بىر كۆيۈكنى ئون قىلىپ
قىز ـ چوكانلار چاچ سوقۇپ ئۆتكەندە، يارىڭ كەلمىسە .
ئۇ كېلۇر بەلكىم باھاردا، ئۆتسە قىش، كۆكلەمنى كۈت،
كۆز كېلىپ گۈللەر غازاڭ تۆككەندە يارىڭ كەلمىسە .
بولمىسا سۆيگۈدە ھىجران، قەدرىنى تاپماس ۋىسال،
بارغۇ سۈبھى، تۈندە ئاي مۆككەندە يارىڭ كەلمىسە!؟
بىر چىدامغا ملىڭ چىدام لازىمغۇ تۈتسا سىغىنىش،
ئوي ـ خىيالغا ھەرقاچان چۆككەندە يارىڭ كەلمىسە .
ئەسلي ئاشىق ئەھلىسەن، سۆيمە سۈكۈتتىن ئۆزگىنى،
ھەر كۈنى ياققان ئوتۇڭ ئۆچكەندە يارىڭ كەلمىسە .

*　　　*

قۇتنى سورايسەن مېنىڭدىن، قۇت ھالال مېھنەتتىندۇر،
قۇت بەدەل بەرسەڭ ئۇسسۇل ئويناپ چىقار شۆھرەتتىندۇر .
ئەھلى جۈپلەر زاتىغا بالدەك شېرىن بىر پەيت كېرەك،
قۇت دېگەن يارىڭ سېنى سۆيگەن گۈزەل پۇرسەتتىندۇر .
ئالغىلى بولماس سېتىپ پۇلغا پەزىلەتنى كىشى،
قۇت دېگەن شۇ پۇل بىلەن پەرۋايى يوق ھۆرمەتتىندۇر .
سۆيدە ئاققىن ئىبلىڭنىڭ ئوتىدا كۆيمەك ئۈچۈن،
قۇت دېگەن جاننى پىدا قىلغان ئۇلۇغ جۈرئەتتىندۇر .

قۇت ئەمەس سىرلىق تېپىشماق، قۇت سىنى ئەگىپ يۈرەر،
قۇت ئاتاڭغا بىر ئۆمۈر قىلغان بۈيۈك خىزمەتتىندۇر.
مەن ئانامنىڭ شادلىقىنى قۇت دېسەم، دەيدۇ ئانام:
قۇت دېگەن خەلقى ئۈچۈن چەككەن جاپا ـ كۈلپەتتىندۇر.
ياخشى نامىڭ ئۆز قىلۇر ئادەملىكىڭنى ھەسسىلەپ،
ياخشى بولساڭ، ھەر كۈنى قۇت سەن بىلەن بىر سەپتىندۇر.

*　　　*

قالدى بەختىم بەزىدە بىر تال قورايغا ئايلىنىپ،
كەلدى بەختىم بەزىدە خۇددى سارايغا ئايلىنىپ.
تۆت ئۇشۇق ئاتسام قىمار تاۋكاسىدا تەلەي ئۈچۈن،
قاچتى تەلەي، چۈشتى «چۈ»، كەتتىم گادايغا ئايلىنىپ.
گاھ پاراغەت، گاھ سالامەت، بارچە مەنزىل بىقارار،
مەن قانائەت قىلمىدىم كەتسەممۇ بايغا ئايلىنىپ.
گاھ رىيازەتلەر ئۈچۈن ئىنسان خۇيىمۇ بىر سەۋەب،
قالغۇدەكسەن شۇ سەۋەب ھەتتا مالايغا ئايلىنىپ.
بۇ تەبىئەتكە ئەبەد بەشىنچى ئاي باقىي ئەمەس،
كەتتى ياز بىز سەزگۈچە ئونىنچى ئايغا ئايلىنىپ.
كەلدى كەلكۈن، ئۆي ئۆرۈلدى، قاقشىدى شېرىن خىيال،
ئۆيىنى ئۆي قىلغان كېسەكلەر كەتتى لايغا ئايلىنىپ.
خىلمۇخىل قىسمەت جاھاندا، كۈتمىگەندە ياغدى قار،
قالدى كەلكۈن ئىزلىرى بىردەمدە سايغا ئايلىنىپ.
كۆل كۆيەمدۇ قايتىدىن، كەتكەن ئۆمۈرگە چارە يوق،
قالمىدى شۇڭلاشقا ئات ھەرگىزمۇ تايغا ئايلىنىپ.
كەينىدىن قوغلاپ قۇيۇندەك ئات سىلىپ بىز ئەتىنىڭ،
بىرنى ئىككى قىلغۇچە كەتتۇق بوۋايغا ئايلىنىپ.
بىرسى بەزلەيدۇ ئۆزىنى بىر ئۆمۈر ئىخلاس بىلەن،
كۈندە بەش ۋاخ جايناماز جەننەتچە جايغا ئايلىنىپ.

*           *

كۆلكە دۇنياسى ئەمەس بۇ، بەزىدە كۆز ياشمۇ بار،
كۆلكە بار جايدا هامان بىرھازا بار، يىغلاشمۇ بار.
تەڭ يارالماپتۇ، دېمەك، ھەركىمدە بەش بارماق شۇڭا،
بىرلىرى ئاچ - توق يۈرەر، بىر يەردە نان ئىلغاشمۇ بار.
ئۇچىدۇ ھۆپۈپ ئېگىز - پەس، بۇمۇ بىر ھېكمەت ئۆزى،
يەر-جاھان چۈنكى ئېگىز-پەس؛ تۈزمۇ بار، تاغ-تاشمۇ بار.
تۈلكە، توشقان يىللە كەلدى بۇ ھايات دۇنياسىغا،
بىرىدە سەنچۈن ساداقەت، بىرىدە ئالداشمۇ بار.
بارچە جۈپلەردە ئىناقلىق كۆرمىسەم، ھەسرەتتىمەن،
بەزىلەردە يارىدىن ئايىنشمۇ بار، قاقشاشمۇ بار.
شۇندىمۇ دەل ئەكسىچە ئىشچان چۈمۈلە روھىنىڭ،
كارى يوق كەلكۈن بىلەن ئۆردەكتە ھەم ئويناشمۇ بار.
تەلۋە بار، تەنتەكمۇ بار، باردۇر يەنە ئەخلاق پىرى،
قوۋمىمىزدا چۈنكى، دوستۇم، ياشمۇ بار، ئاقۋاشمۇ بار.
يەپ - ئىچىپ كەتمەك جاھاندىن بولدى ئىنسانغا نومۇس،
شۇڭا ئالىم، دەستىگاھ، ئەھلى ھۈنەر نەققاشمۇ بار.
بىرلىرى نەپسى ئۈچۈن كەتتى شاياتۇن كەينىدىن،
پاتسا ئالەم ئاغزىغا، قورقماي پۈتۈن يالماشمۇ بار.
كۆپ ئەمەس مىڭ دوست ساڭا ھەم ئاز ئەمەس بىر دۈشمىنىڭ،
بولمىساڭ ھېزى ئەگەر، جايلاش ئۈچۈن پايلاشمۇ بار.
خىلمۇخىل دۇنيا بۇ، دوستۇم، قويندا قىسسە تولا،
شۇ سەۋەبتىن قۇللىرىمدا كۆپ يېزىپ چارچاشمۇ بار.
بۇ ھايات دەرياسىدا ئۈزمەك ئۆزى ئاسان ئەمەس،
ياقسا ئۇندا بىر بېلىقسەن، ياقمىسا چايقاشمۇ بار.

1992 — 2000 - يىللار، غۇلجا

# ئانا تاغلار


ئاپتورى : مۇھەممەتجان راشىدىن
نەشرگە تەييارلىغۇچى : ئەركىن ئىبراھىم
مەسئۇل مۇھەررىرى : ئەزىز تۇردى
مەسئۇل كوررېكتورلىرى : ھەجەرگۈل ، گۈلشەھەر
تەكلىپلىك كوررېكتورى : ئايگۈل ياسىن
مۇقاۋىسىنى لايىھىلىگۈچى : ئەكبەر سالىھ
نەشر قىلىپ تارقاتقۇچى : شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى
ئادرېسى : ئۈرۈمچى شەھىرى جەنۇبىي ئازادلىق يولى 348 ـ نومۇر
تېلېفون : 0991—2827472
پوچتا نومۇرى : 830001
باسقۇچى : شىنجاڭ شىنخۇا 2 ـ باسما زاۋۇتى
ساتقۇچى : شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق شىنخۇا كىتابخانىسى
فورماتى : 880×1230 مىللىمېتىر ، 1/32
باسما تاۋىقى : 5
قىستۇرما بېتى : 4
نەشرى : 2008 ـ يىلى 7 ـ ئاي 1 ـ نەشرى
باسمىسى : 2009 ـ يىلى 2 ـ ئاي 2 ـ بېسىلىشى
تىراژى : 5001—8000
كىتاب نومۇرى : ISBN 978—7—228—11688—1
باھاسى : 15.00 يۈەن

[General Information]
书名=母亲高山 维吾尔文
SS号=40232599